مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال

مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال

شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



# ميراس

1

2008

ISSN 1004-3829

02>

## لى جىنتىڭ فوتو سۇرەتلىرىدىن تاللانمىلار













# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2008ـيىل 1ـسان

(ئومۇمىي 105ـسان )

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

ھەيۋەتلىك ۋە يىگانە تارىم ..........................سۇېن ھېدىن(1)
كۇنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى .......................ن.ف.كاتانوف(27)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى – ئەجدادلار ـ ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى
،ئەۋلادلارنىڭ يول چىرىغى ........................ .....تۇرسۇن مەخمۇت(58)
ئۇيغۇرمىللىي داستانچىلىقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى..............
.......................................ياسىن مەتنىيازتېكە(18)
«نۇردىن تۇغۇلۇش»موتىفىنىڭ كۆچۈشى ....................يالقۇن مەتنىياز(72)

## دۇنياغا نەزەر

كورېيلىكلەر ئەنئەنىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ ......................
.......................................................جاڭ خۇڭجى(36)
شۋېتسىيە مائارىپ سېستىمىسىغا بىر نەزەر ...............زۇلھايات ئۆتكۈر(45)

## ئەينەك

سالام خەت يېزىشنىڭ ۋاقتى كەتتىمۇ؟ ...............تۇرغۇنجان ئىمىن (15)

## ئادەت قېرىماس

يامغۇر تىلەش مۇراسىمى ھەققىدە دالا تەكشۈرۈش..........................
.....................................................بۇسارەم ئىمىن (8)
چۆچەك خەلقىنىڭ سوقۇم ئادەتلىرى ..................................
...................................................مەتىمىن ئابدۇخالىق(67)



باش مۇھەررىر :
يۇسۇپ ئىسھاق
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
جاۋابكار مۇھەررىر:
خۇرسەنئاي مەتىمىن
باشقۇرغۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716ـنومۇر، 14ـقەۋەت
TEL:(0991)4554017
FAX:(0991)4554015
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65-1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى :
ISSN1004-3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى :60ـ 58
پوچتانومۇرى : 830001
خەت ساندۇق :
mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:
1130MB
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى :5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20-كۈنى نەشرقىلىنىدۇ

**بىزنىڭ ئۇرانىمىز ـ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت !**
**بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز ـ ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت !**


ئۇيغۇرخانىم ـ قىزلىرىنىڭ ئۇسما قويۇش، يىلىم چىپىش ئادىتى .......
...........................................مۇنەۋۋەر ئابدۇراخمان (54)


ئايدىڭ كېچىلەر


شازادىخان ئانا بىلەن توختىخان ئانىنىڭ چاقچاقلىرى............ (35)


يا ئىشەن ، يا ئىشەنمە


ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھالىتى ۋە تەبئىي كۆرۈنۈشلەر بويىچە...........
...........................................مەمتىمىن ئوبۇلقاسىم (64)


ھەرگۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


شەيتان لۇغەت ........................................... (17)
پاراسەت چاچقۇلىرى........................................... (57)


كۈلكە ـ جان ئوزۇقى


يۇمۇرلار............................................................ (77)



مۇقاۋىنى ئەكبەرجان ئەسەت لايىھىلىگەن
مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى سۈرەتنى غەيرەت مەمتىمىن تارتقان



Chief editor : Yusup Is'haq
Deputy chief editor : Muhtar Muhammed
Responsibld editor: Hur san ay Mam ti min


**«مىراس» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر ژۇرنىلىمىزنى**
**قوللاپ ـ قۇۋۋەتلاۋاتقان بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە**
**قىزغىن سالام يوللايدۇ**

我们要抢救传统文化
我们要保护传统文化
我们要弘扬传统文化


主编:
玉素甫.依莎克
副主编:
穆合塔尔.穆罕默德
责任编辑:
胡尔仙阿依.买买提明
主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版: «美拉斯»杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话: (0991) 4554017
传真: (0991) 4554015
印刷: 新疆生产建设兵团印刷厂
发行: 乌鲁木齐邮局
订阅: 全国各地邮局
国内统-刊号: CN65-1130/I
国外外统一刊: ISSN1004-3829
邮政代号: 58 — 60
E-mail: mirasuyghur 126.com
海外发行代号: 1130BM
广告许可证号: 6500006000040
邮编: 830001
定价: 5.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras " (Heritages) editorial department
716# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner: Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004 - 3829
PostCode : 58 - 60
International Standart BOOK Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991) 4554017
Fax: (o991) 4554015



# ھەيۋەتلىك ۋە يىگانە تارىم

سۋېن ھېدىن (شۋېتسىيە)



سۋېن ھېدىن(1865_1952) شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى، تەتقىقاتچى ۋە يازغۇچى. ئۇ ھاياتىدا قىرىق يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۈچ قېتىم سەپەر قىلغان بولۇپ بۇ جەرياندا ناھايىتى سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە قىممەتلىك بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرۈپ بىزگە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ تۈگە قەدىمەدىن پايدىلىنىپ ئۆلچىگەن ئۆلچەملىرىمۇ ھازىرقى زامانىۋى تېخنىكا ئەسۋابلىرى بىلەن ئۆلچىگەن نەتىجىگە ئوخشاش بولۇپ چىققان. ئۇ تەكلىماكانغا قىلغان تۇنجى قېتىملىق سەپىرىدە دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىنى بايقىغان. ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىدە كىرورەن خارابىلىكىنى بايقىغان ھەمدە لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىش ئېھتىماللىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەزكۇر ماقالە ئاپتورنىڭ تارىم دەريا ۋادىسىدىكى بىر قېتىملىق كەچۈرمىشلىرىدىن بولۇپ ئاپتورنىڭ 1903_ يىلى نەشر قىلىنغان «ئاتونۇش يوللاردىكى ملڭ مل» ناملىق كىتابىدىن تەرجىمە قىلىندى.

22_ ئۆكتەبىر كۈنى بىز دەريانىڭ غول ئېقىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئىككى ئاچال يولغا دۇچ كەلدۇق _تە، ئالدىمىزدىكى قارىماققا تېزرەك كەلگەن، لاتقىلار كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇلىكىنى تاللىۋالدۇق. بىز دەريا ئېغىزىدا ئاۋۋال توختاپ، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى قولۋاقتا سالغان سۇنىڭ ئېزىغا قاراپ ئۆلچەپ تاللىغان يولىمىزنى جەزملەشتۈردۇق. دەريانىڭ بەزى ئېقىنلىرىغا كەلگەندە سۇ ناھايىتى تېز بولۇپ، قولۋاقنى قويۇۋېتىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ چاغدا سۇ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى 10گرادۇسقا چۈشكەنىدى. مېنىڭ بۇنداق سوغۇق سۇدا چۆمۈلۈشكە مەيلىم يوق ئىدى. لېكىن قاسىمنىڭ تازا بىر سۇغا چۈشۈپ قېنۋالغۇسى بار ئىدى. ئۇ ئادەتتىكىدەك قولۋاقنىڭ ئۇچىدا تۇرۇپ پالاقنى كۈچەپ ئۇرماقتا ئىدى، لېكىن ئۇ پالاقنى قوللىرى بىلەن مەھكەم تۇتتۇۋالغان بولۇپ، نەزەرنى يىراقتا سۇ چۆمۈلۋاتقان كىشىلەرگە تىكمەكتە ئىدى.

بىز بىر مەزگىل دەريانىڭ چېكى كۆرۈنمەيدىغان قىسمىنى باسقاندىن كېيىن، ئالدىمىزدا تار_تار كەلگەن ئاق ۋە قارا گورىزونتال سىزىقلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىلدۇقكى ئالدى تەرەپتە كۆرۈنگىنى سۇ يۈزىنىڭ جىلۋىلىنىشى بولغان بولسا، سەل يىراقتىراق كۆرۈنگىنى قۇم ۋە لاي ئارىلاشمىلىرى ئىدى.

بۇگۈنكى سەپىرىمىزدە ھېلىدىن ھېلىغا تۈرلۈك مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ تۇردۇق، بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆزدىن ساقىت قىلماسلىق ئۈچۈن ھەر زامان كۆزنى تىكىپ تۇرۇش كېرەك ئىدى. يىراقتىن كۆرۈنگەن پادىچىلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە ئەگىشىپ بىزمۇ ئاۋاتقا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتۇق، كەپلەرمۇ ئىككى قاسناقتا ئاۋۇشقا باشلىدى.

بۈگۈنكى سەپىرىمىزدە يەنە قەشقەر دەرياسىنى ۋە يەنە بىزگە تونۇشلۇق بولغان قىزىلسۇنى بېسىپ ئۆتتۇق. قىزىلسۇ دەرياسى تارىمغا كەلگەن ئىككى تارماق ئېقىنغا ئايرىلغان بولۇپ، دەريانىڭ كۆپ قىسمى قۇم ۋە لاتقا، ئۇسۇملۇكلەر ئىدى، ئېقىن مىقدارى ناھايىتى ئاز ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا بىز بىر ئاتلىق كىشىنى يولۇقتۇردۇق. ئۇ كىشى بىزنى كۆرۈپلا چاتقاللىق ئىچىگە ك_





2008 . 1

رىپ كۆزدىن غايىب بولدى. دەسلەپتە بىز بۇ كىشنى
بىر پايلاقچى ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدۇق. بىر مەھەلدىن
كېيىن ناھايىتى كۆپ ئاتلىقلار دەريا بويىغا يېتىپ
كەلدى. ئۇلار گىلەملىرىنى يەرگە يېيىپ داستىخان
سېلىپ، ئۈزۈم، قوغۇن ۋە نانلارنى تىزىشقا باشلى-
دى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭى ئاۋاتنىڭ يولبېگى بولۇپ
ئەسلىدە بىزنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتكەنىكەن. ئۇنى
بىلگەندىن كېيىن بىز يولبېگى ۋە دەريا بويىدا دەسلەپ-
تە ئۇچراتقان يالغۇز ئاتلىق كىشى بىلەن ھەمداستىخان
بولۇپ مېھمان بولدۇق.

بىر ئازدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئاتلىقلار يېتىپ
كەلدى، ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرى تېخىمۇ ئېسىل بولۇپ
، ئۇچىلىرىدا رەڭلىك تون بار ئىدى. كېيىن بىلدۇق-
كى، بۇ كىشىلەر ئاۋاتتىكى ئەنجانلىق سودى-
گەر«باي»لار ئىكەن. بۇ چاغدا بىزنىڭ ئىسلام باي

بولسا كېمىدە لامپىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كىشلەرگە چاي
تۇتۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇلارنىڭ نېرىسىدا يەنە ئوتتۇز نەچچە ئاتلىق كىشى
داستىخان تەييارلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ داستىخانلىرى تېخى-
مۇ مول بولۇپ مېۋە- چېۋە، نان، تۇخۇم ۋە بىر
پۈتۈن قوي بار ئىدى. بۇ داستىخاننى ئاۋاتنىڭ بېگى
شەخسەن ئۆزى بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن تەييارل-
غانىدى. ئاخىرى دەريا بويى پۈتۈنلەي ئاتلىق كەلگەن
كىشلەر بىلەن تولدى. ياركەنت دەرياسىنىڭ دولقۇن-
لىرى تۈنجى قېتىم بۇ خىل قىزغىن ۋە مول زىياپەتنى
ئۇچرىتىۋاتاتتى. ئۇلار يەنە بۇ يەرگە سەككىز دانە
بۈركۈت ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۈركۈتلەرنىڭ ئۆت-
كۈر كۆزلىرى ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇ كۈنى
كېيىنرەك يەنە بۈركۈتلەرنىڭ «تاماشا»سىدىن ھوزۇر
ئالدۇق. بۈركۈتلەر تۆت دانە ياۋا توشقان ۋە بىر

دانه كيىكنى ئولجا قىلغان بولۇپ، بۇ ئولجىلارنىڭ ھەممىسى ماڭا سوۋغا قىلىنغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ بىز بۇ ماتتان دېگەن يېزىدا بىر كۈن ئارام ئېلىپ تۇرۇپ قالدۇق، ئەسلىدە بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقىدى. بۇ جەرياندا مەن ياپىلاق تاختايلارنى مىخلاپ ئاسترونومىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم ۋە دەريادىكى سۇ مىقدارىنى ئۆلچىگىنىمدە، سىغىمچانلىقى 18.6 كۇب مېتىر بولدى. بىز يەنە بۇ ئەتراپقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ۋە دەريانىڭ تۆۋەن قىسمى يەنى ئاقسۇ دەريا ئېغىزىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توپلىدۇق. كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىشتە ھېچقانداق توسالغۇ يوق، دەريادا يېتەرلىك سۇ بار، تېز سۈرئەت بىلەن كېمىنى ھەيدىگىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئىسلام، پالتا ۋە موللا بولسا بازارغا سەپەرگە ئېلىۋالىدىغان ئوزۇق-تۈلۈك، قاما ۋە باشقا ئەسۋابلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى.

ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا ئۆز ھەقلىرىنى بەرگەندىن كېيىن، ئاۋات بېگى بىزگە يەنە ھەمراھ ئاتلىق بىر ئىتنى تەقدىم قىلدى. دەريا ۋادىسى كەڭ ھەم تەكشى بولۇپ 2.8 مېتىر كېلەتتى. دەريا سۈيىنىڭ ئېقىشى نىسبەتەن ئاستا بولۇپ لاي-توپا دۆۋىلىرى تەرىپىدىن بۇلغىنىپ تۇراتتى. بىر قېتىم بىز خاتا يولغا كىرىپ قېلىپ كەينىمىزگە يېنىشقا توغرا كەلدى ۋە قىممەتلىك بىر سائەت ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلدۇق. سۇ مىقدارى ھازىر 14.3 كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، سۇنىڭ ئېگىز قىسمى ئۆتكەن يىلدىكىدىن 1.94 مېتىر يۇقىرى تۇراتتى.

بىز ئىگىلىگەن مۇھىم بىر پاكىت، بۇ دەريا ئۆكتەبىردە تاشقىن پەيتىنى كۈتۈۋالىدىكەن. لېكىن بۇمۇ قائىدىسىز بولۇپ چۈشەندۈرۈپ بېرىش قىيىنغا توختايدۇ. بۇ چاغدا ئېتىزلىقنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن سۇ كۆلچەكلىرى ۋە سۇ كانالىرىنىڭ ياردىمىگە تايانمىسىمۇ بولىدۇ. دەريانىڭ تەدرىجىي كۆتۈرۈلۈش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. 26-ئۆكتەبىر كۈنى بىز دەريا سۈيىنىڭ 17 كۇب مېتىر كېلىدىغانلىقىنى، ئۆتكەنكى قېتىمقىدىن ئۈچ كۇب مېتىر ئاشقانلىقىنى بايقىدۇق.

27-ئۆكتەبىر بىز ئۈچۈن بىر ئەھمىيەتلىك كۈن ئىدى، چۈنكى كەچتە بىز ئاقسۇ دەريا ئېغىزىغا بارماقچى ئىدۇق. بۇ بىر تىمتاس ۋە گۈزەل كۈز كۈنى بولۇپ، دەريا خۇددى بىر غايەت زور ئەينەككە ئوخشايتتى. دەريا قاسنىقى بولسا چاتقاللىقلار بىلەن قوشۇلۇپ ئورمان ھاسىل قىلغان ئىدى. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بۇ مەنزىرە كىشىنى خىيالىي تۈسلەرگە باشلاپ كىرەتتى. بىز ئەمدى ئاق ساتمىدا يىتتۈرۈپ قويغان قولۋىقىمىزنى ئۇچراتتۇق. ئۇ كەلكۈندە لاتقىغا پېتىپ قېلىپ شۇ جايدا توختاپ قالغانىكەن.

بۇ ياقتا كونا ئورمانلىقلار يوق ئىدى، لېكىن سۆگەت ۋە چاتقاللىقلار كۆپ ئىدى. بىز تەكشۈرۈشكە



MIRAS

چىقىپ كەتكەن ۋاقتىمىزدا ھەمراھ بىر قېتىم قېچىپ كەتتى، لېكىن بىز ئۇنى يەنە تۇتىۋالدۇق. ئۇ ئۆزي ھايۋىنى بولۇشقا تېخى كۆنمىگەن بولۇپ، «يولداش» (يەنە بىر ئىتنى كۆرسىتىدۇ) ھەر زامان ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ، ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشاتتى.

بىز لايلىقتىن كەلگەن ناتونۇش كىشىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئالدىمىزغا قاراپ تەلپۈنۈش ئىچىدە ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتماقتىمىز. «ئالدىمىزدىكى ئايلانمىدىن ئۆتسەكلا يېتىپ كېلىمىز» دەيتتى موللا. لېكىن، ئۇنىڭ «ئايلانمىسى» ھېچ تۈگىمەيتتى.

توساتتىن سۇنىڭ ئېقىشى ئاستىلاپ قالدى ۋە كېمىنى پالاق بىلەن ئۇرۇپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. پالاق ئۇرغان چاغدا ئالىمنىڭ پالىقى لايغا پېتىپ قېلىپ ھەرقانچە قىلىپمۇ يۇلۇپ ئالالمىدى ۋە كىيىملىرىنى سېلىپ سۇغا چۈشۈپ پالىقىنى تېپىپ كەلدى. بۇ چاغدا سۇ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى توققۇز گرادۇس كېلەتتى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ھاۋا بىردىنلا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ يازنىڭ ئىسسىقىنى ئەسلەتتى. مەن ئۇ يەردە كۆكلەكچان ئولتۇرۇپ قاچىدىكى ئۇرۇك، ئۈزۈم، نەشپۈتلەرنىڭ دىماغقا ئۇرۇلغان ھىدىنى پۇراپ ئولتۇراتتىم.

بىرقانچە ئايلانمىدىن كېيىن ئالدىمىزدا ھەيۋەتلىك ئاقسۇ دەرياسى نامايان بولدى. لايلىقتىن كەلگەن كىشى ھاياجانلىنىپ:

— ۋوي، ۋوي —! دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ياركەنت دەرياسى غەربىي شىمالغا قاراپ ئەگىلگەن بولۇپ، ئاقسۇ دەرياسى ۋە بۇ قوشۇلغان تارماق ئېقىملار ئوتتاق ھالدا تارىم دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارى ئەڭ كۆپ ئىدى.



بىز ياركەنت دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئۈچىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭغا قايرىلىپ سول تەرەپتىكى دەريا قاسنىقىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتۇق. كېيىن ئاقسۇ دەرياسىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنىغا دۇچ كەلدۇق ۋە كېمىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا دەريا قىرغىقىغا باشلاپ بېرىپ توختىتىۋالدۇق.

دەم ئالغان مەزگىلىمىزدە مەن ئاسترونومىيىلىك ئۇسۇلدا ئورنىمىزنى مۇقىملاشتۇردۇم. تاختايلارنى كېرىشتۈرۈپ، رەسىمگە ئالدىم ۋە يەلكەنلىك كېمىنىڭ يەلكەنلىرىنى چىقىرىپ تەييارلىق قىلدىم. بۇ چوڭ دەريادا ياركەنت دەرياسىغا سېلىشتۇرغاندا لاي لاتقا كۆپ بولۇپ كېمىنىڭ سۈرئىتىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزەتتى. بۇ چاغدا ئۈستىمىزدىن نۇرغۇنلىغان ياۋا غازلار توپى ئۈچ بۇرجەك شەكىل چىقىرىپ ئۇچۇپ ئۆتتى. مەن ئۇ ئەقىللىق قۇشلارغا ھەۋەس بىلەن قارىدىم. ئۇلار لوپنۇردىن يولغا چىقىپ ياركەنتتىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار 200 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بولۇپ توختىماي سايراپ ئۇچۇشاتتى. ئۇلار قايتىپ كېلىش سەپىرىدە چوقۇم ئېرىگەن مۇز تاغ ۋە مۇز چوققىلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. مەن ئىشىنىمەنكى ئۇلار ئاشۇ بىر جۈپ قانىتىغا تايىنىپ تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك سىناقلىرىغا تاقابىل تۇرۇپ مەنزىلگە يېتىپ بارىدۇ.

29 - ئۆكتەبىر كۈنى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ «بىسمىللا» دەپ ئادەتتىكىدىن چىقىراق توۋلاپ، پالاقىنى كۈچەپ ئۇرۇشلىرى بىلەن يەنە يولغا چىقتۇق. لېكىن، دولقۇن ئۇلار ئويلىغاندەك ئۇنداق قورقۇنچلۇقمۇ ئەمەس ئىدى. كېمە بەزىدە كۈچلۈك دولقۇنلارغا دۇچ كېلەتتى، بىز رولنى قاتتىق بۇرايتتۇق. بىراق، كېمە يەنىلا مەزمۇت كېتىۋېرەتتى. سۇنىڭ تېزلىكى مەنۇتىغا 27 مېتىر بولۇپ، بىرئازدىن كېيىن ئاستىلاشقا باشلىدى. دەريا ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، يىراقتىكى ئورمانلىق قارىماققا بىر قاراڭغۇ چېكىتتەكلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بىز خوتەن بىلەن ئاقسۇنىڭ كېسىشىدىغان ئورنىغا ئانچە يىراق قالمىغانىدۇق. ئۇ يەردە بىرلا ۋاقىتتا سەككىز دانە تۆگىنى يۆتكىگىلى بولىدىغان بىر پورت بار ئىدى.

كەچقۇرۇن بىر توپ ياۋا غازلار بىز تۇرغان يەرگە قوندى. ئۇلار يەرگە قونۇپلا سۇدا قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ چىرقىراپ سايرىشىۋاتاتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە قارىساق بىر دانە يالغۇز ياۋا غازدىن باشقىسى ھەممىسى ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كېمىگە قىسىلىپ قالغان بولۇپ، كېيىن ئۇمۇ بىر ئامال قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى، گەرچە سەل تۆۋەن ئۇچسىمۇ ئاخىرى يەنە باشقا ھەمراھلىرىنىڭ ئىزىدىن غەرب تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

دەريا بويىدا كىشىلەر بېلىق تۇتۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار كۆپىنچە توردا ياكى خالتىدا بېلىق تۇتۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. بېلىقلار تىك شەكىلدە توسۇق تۇتۇش ئارقىلىق بۇ يەرگە ئالداپ كېلىنەتتى.

30 - ئۆكتەبىر. بۈگۈن دەريادىكى يولىمىز ناھايىتى تۈز بولۇپ، ھېچقانداق ئايلانمىغا دۇچ كەلمىدۇق. سول تەرەپتىكى ساھىلدا شايار سوزۇلۇپ ياتاتتى. يول بويى قىزىلقۇم دەپ ئاتالغان قۇملۇقنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ قۇملۇق يىراقتا قۇم تاغ بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

خوتەن دەرياسىدىكى قىسقىغىنا بۇ سەپەر ماڭا 1895 - يىلدىكى كېلىشمەسلىكنى ئەسلەتتى، مەن خوتەن دەرياسىنى ھاياتىمنى قۇتقۇزغۇچى دەپ بىلىمەن. بۇ جاينىڭ كۆرۈنۈشى ئوچۇقچىلىق بولۇپ، ئورمانلىق ناھايىتى يىراقتا ئىدى. بۇ چاغدا كېمىدىكى كەيپىياتمۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يول بېگى مېنىڭ كەپەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ماڭا دەريا بويىنىڭ ئىسمى، كەنتلەر، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىسمى قاتارلىق قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىۋاتاتتى. يېڭى ئىتىمىز ھەمراھىمۇ

تەدرىجىي ھالدا تەقدىرگە تەن بېرىپ كۆندۈرۈلدى.

كېمىمىز ئادەتتىن تاشقىرى تېزلىك بىلەن يول يۈرۈپ كەچ كىرىشتىن بۇرۇن دەريا قىرغىقىغا قىنامايلا يېتىپ كەلدۇق. كېچىدە ئەركەكلەرنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا قىلىشقان پاراڭلىرىدىن تارتىپ ئورمانلىقتىكى تۈلكىلەرنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازلىرىغىچە قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى.

بۈگۈنكى ئۆلچەشتىن مەلۇم بولدىكى، سۇ مىقدارى 79.2 كۇب مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ياركەنت دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكىدىن تېيىزرەك كېلەتتى.

13- ئۆكتەبىر بىز ھەيۋەتلىك ھەم يېگانە بولغان تارىمغا قاراپ يولنى داۋام ئەتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي شامال چىقىشقا باشلىدى. مەن قىشلىق كىيىملىرىمنى كېيىۋالدىم، قاپا جوۋا ۋە ئەدىياللىرىمىز تەييار ئىدى. بوران خۇددى شارنى پۈۋدىگەندەك بىر پۈۋدەپلا بىزنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. مەن كەپەمگە كىرىپ ئىسسىنىپ ئولتۇردۇم، لېكىن ئادەم بىردەم - بىردەم ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇت - قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بەدەننى قىزىتىپ تۇرمىسا بولمايتتى. تۈنۈگۈن ئەينەك يۈزىدەك تىنچ ئاققان دەريا مانا بۈگۈن كېمىنى ئۆرۈۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. بىز

دەريا قىرغىقىغا يېتىپ كېلىپ، ئوت يېقىپ ئىسسىندۇق.

مانا مەن ھازىر ئۆزۈمنى ئىچكى ئاسىيادا كۆرۈۋاتمەن. كۈچلۈك دەريا دولقۇنلىرى، سارغايغان ئورمانلىقلار ۋە قۇم، بوران ماڭا ھەمراھ بولماقتا. ئۆزۈمنى ناھايىتى راھەت ھېس قىلماقتىمەن، خۇددى بۇ يارالمىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمدا بولۇپ، كۆز ئالدىمدا بۇ يەردە ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىق بولمىغان تىنچ بىر ماكان نامايان بولدى. شاماللار مېنىڭ قۇلىقىمغا بۇ غايەت زور دەريانىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى بۇ يەردە مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ ياتقانلىقىنى، تارىمنىڭ قۇملۇقلار ئىچىدىن باش كۆتۈرۈپ، مېنى قىشنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىغا باشلاپ كەلگەنلىكىنى پىچىرلاۋاتاتتى. ماڭا كىم بۇ دەرياغا ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى بەردى؟ دەريا قاسىنىدا پادا بېقىۋاتقان پادىچىلارمۇ؟ بىزگە كىم يول ئېچىپ بەردى؟ قاراڭغۇ ئورمانلاردا، چاتقاللىقلاردا بىر جۈپ ئوتلۇق يېشىل كۆزلىرى چىراغدەك يېنىپ تۇرغان يولۋاسلارمۇ؟ بۇ دەريانى ھېچكىم مەندەك ئوبدان بىلمەيدۇ. ئورمان بالىسى ئاتالغان ئوۋچىلارمۇ قاپلاننىڭ ئىزىدىن قوغلاپ ئۆتۈشنى بىلگەن بىلەن، دەريانىڭ نەدىن باشلىنىپ، نەدە ئاياغلىشىدىغىنى ئۇلار ئۈچۈن بىر تېپىشماق. ئەكسىچە مەن بۇ دەريانىڭ ھەر بىر نەپىسىگىچە بىلمەن. تارىمنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھاياتلىق قىسسىسى پۈتۈك، رەسىم ۋە خەرىتە سۈپىتىدە مەندە ئارخىپ بولۇپ ساقلانماقتا.

مەن ئاخىرى بۇ گۈزەل چۈشلىرىمدىن ئويغاندىم. مەن كېمىنى قۇملۇققا تارتىپ، ئوت يېقىپ ئەتىگەنلىك ناشتىلىق تەييارلىماقچى بولدۇم.

قايتىش سەپىرىدە كاللامغا بىر قاتار سوئاللار كەلدى: قىز يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن دەريانى پۈتۈنلەي ئايلىنىپ بولالارمىزمۇ؟ قەيەر بىزنىڭ باش شتاب قىلىشىمىزغا مۇۋاپىق، يەنى شۇ يەردىن باشقا قىسقا سەپەرلەرگە چىقساق، يىگىتلەر ماڭا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ تۇرارمۇ؟ دېگەندەك سوئاللار.

مەن پۇرسەت تېپىپ كېمىگە چىقىپ نىگاتىپلارنى كۆپەيتىپ قىلدىم، شۇنداقلا ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھەر بىرىنى ئىككى نۇسخىدىن يۇيدۇم. شۇنىڭدەك كۈندىلىك خاتىرەمنىمۇ دەسلەپتە كۈندۈزى قېرىنداش قەلەم بىلەن يېزىۋېلىپ، كەچتە سىياھ قەلەم بىلەن چوڭ خاتىرە دەپتەرگە كۆچۈردۈم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئار-

تۇقچە ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن ماڭا بىخەتەرلىك تۇي-
غۇسى بېرەتتى، ئىشقىلىپ بىر نۇسخىسىنى بولسىمۇ
ئۆيگە ئېلىپ كېتىشنى ئويلايتتىم.

بىردىنبىر مېنىڭ سەۋر-تاقىتىمنى قويمىغىنى تە-
تۈر شامال ئىدى. نويابىردا دەريا شىمالغا قاراپ ئاقاتت-
ى، قىرىشقاندەك شامالمۇ مۇشۇ يۆنىلىشتىن كېلىۋاتات-
تى. مەن كەپىدە كۈن بويى كۈن كۆرمەي ئولتۇر-
دۇم، قۇياش خۇددى ئەتىۋار مېھمانغا ئوخشايتتى.
تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 8.8 گرادۇسقا
چۈشكەن بولۇپ ئىستاكىنىمدىكى سۇ ۋە سىياھمۇ
توڭلاپ قالغانىدى.

دولان كېمىسىنىڭ يېنىدا توغراقتىن ياسالغان قو-
پالراق بىر كېمە توختىتىپ قويۇلغان، ئۇنىڭ ناھايىتى
چوڭ پالىقى بار ئىدى. بۇ كېمىنىڭ ئىگىسى ئۈچ باي
بولۇپ، ئۇلار بۇ كېمىدە ئاز دېگەندە 10 مىڭ تۇياق
قوينى تارىمدىن يۆتكىمەكچىكەن.

بىزنىڭ كېمە قارا توغراققا قاراپ ئۇچقاندەك
كېتىۋاتاتتى. دەريا بويىنى كەينىدە قالدۇرۇپ مېڭىش
ناھايىتى كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى.

دەرياغا يېقىن قۇملۇقتا ئېگىز چاتقاللىقلار ۋە پارال-
لېل ئۆسكەن تېرەك دەرەخلىرى بار ئىدى. قارا
توغراققا بارىدىغان يولدىكى دەريا ناھايىتى تۈز بو-
لۇپ، شەرقىي شىمالغا بىلىنەر بىلىنمەس بۇلۇڭ ھا-
سىل قىلىپ سوزۇلغانىدى. يىراقتىن قارىغاندا سۇ يۈزى
ئاسمان بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كۆرۈنىدىغان بو-
لۇپ، كىشىگە خۇددى دەريا تۇپراقتىن ئايرىلىپ
چەكسىز كەتكەن ئالەم بوشلۇقىغا قوشۇلۇپ كەتكەن
بىر تۇيغۇنى بېرەتتى.

دەريانىڭ تېگى لايلىق بولۇپ، بىز كېسىپ ئۆتۈپ
كېتىۋاتقاندا كېمىنىڭ تېگىگە بىر نەرسە ئۇرۇلۇپ كېمە
داۋالغۇپ كەتتى. مېنىڭچە بۇ بىر تاشلاندۇق مۇداپىئە
قورغىنى بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئېغىر-
لىقنى كۆتۈرەلمەي دەرياغا چۆكۈپ كەتكەن. دەل
شۇ قورغان تېشى كېمىنىڭ چايقىلىشىغا سەۋەب بول-
غان.

بىرئازدىن كېيىن چاتقاللىق ئىچىدىن يالغۇز بىر
ئايال چىقىپ بىزنى چاقىرىپ، بىزگە توخۇم ئەكەل-
گەنلىكىنى ئېيتتى. كېمە قۇملۇققا يېقىنلاپ كېلىپ،
ئىسلام ئۇ ئايالنىڭ قولىدىكى تۈگۈنچەكنى ئالدى ۋە
يەنە بىر قولىدا ئۇ ئايالغا بىرقانچە تەڭگە تاشلاپ
بەردى. ئۇ ئايالنىڭ كىملىكى ۋە نەدىن كەلگەنلىكى
كېمىدىكىلەرگە بىر سىر ئىدى. ئۇ ئايال خۇددى شا-
مالغا ئوخشاش كېلىپ كېتىپ قالغانىدى.

چۈشتىن كېيىن لەشلىككە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن
كېمىدىكى يىگىتلەر بىر-بىرىنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن
كومېدىيىلىك ئويۇنلارنى قويىدى. بۇ ئويۇندا ئىككى يە-
گىت ھەر بىرى بىردىن ھەمراھىنى دۈمبىسىدە ھاپاش
قىلىپ ماڭىدىغان بولۇپ، بىرىنىڭ پۇت-قوللىرى
باغلاپ قويۇلغانىدى، يەنە بىرسى قولىغا تاياق تۇتقان
بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ تاغىرىغا تاياق بىلەن ساۋاپ
ماڭسا، يەنە بىر تەرەپ قارشى تەرەپتىن ئۆزىنى قا-
چۇرۇپ ئېلىپ ماڭاتتى. بۇ ئويۇندا قاسىم بىلەن ئا-
لىم تاياق يېگەن بولۇپ، پالتا بىلەن قاسىم ئۇ ئىك-
كىسىگە قاراپ تولا كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ
كەتكەنىدى. مېنىڭمۇ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈۋېرىپ ئۈ-
چەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كېتەي دېگەنىدى. قاسىم بىلەن
ئالىم رول ئالمىشىپ ئويۇننى يەنە بىر قېتىم ئويناشنى
ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن قارشى تەرەپ بۇ-
نىڭغا ئۇنىمىدى، چۈنكى ئۇلار بۇ ئويۇندا تاياق يېيىش-
نىڭ دەردىنى ئوبدان بىلەتتى. ئويۇننىڭ پايدىسى شۇ
بوپتۇكى، سوغۇقتا ھەممەيلەن قانلىرىنى راسا بىر
قىزىتىپ ھەرىكەت قىلىۋالدى.

شۋېتچىدىن زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى

MIRAS



# يامغۇر تىلەش مۇراسىمى ھەققىدە دالا تەكشۈرۈش

بۇسارەم ئىمىن

قومۇل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تارىخى ئۇزۇن، تەبىئىي مۇھىتى گۈزەل، يەرلىك ئۆزگىچىلىككە ئىگە مۇھىم جايلارنىڭ بىرى. قومۇل تارىختا بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغنى مەمۇرىي بىرلىك قىلىپ باشقۇرۇلغان. شۇڭا يەرلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «قومۇلدا بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ بار» دېگەن ئاتىلار سۆزى كەڭ تارقالغان. قومۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزىسى قومۇلدىكى ئون ئىككى تاغ دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان تاغلار ئىچىدىكى قوراي ۋە ئېدىرنى مەركەز قىلغان رايونلاردۇر.① بۇ تاغلىق يېزىنىڭ قاتنىشى قۇلايسىز، بەزى مەھەللە- كەنتلەرگە 2006-يىلى 8-ئايدا مۇقىم توك تارتىلغان. قارلىق تاغقا يېقىن بولغان نېرىناسى كەنتىگە، تۇمۇرتىدىكى بەزى مەھەللىلەرگە قۇياش ئېنېرگىيىسى توك ئورناتقىلى تېخى نەچچە ئايلا بولغان. بۇ يېزا تارىخى ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت سەۋەبىدىن ئۇزۇن مەزگىل بىر قەدەر بېكىك ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا بۇ تاغلىق يېزىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئائىت نۇرغۇن ئۆرپ- ئادەتلەر ۋە رەڭدار فولكلور ئەنئەنىلىرى ساقلانغان.

بۇ ماقالە قومۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا يېزىلدى. ئەمەلىي تەكشۈرۈش 1- قېتىم 2006-يىل 7 - ئايدىن 12-ئايغىچە، 2- قېتىم 2007 -يىلى 3 — 4 - ئايلاردا قومۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزىسىنىڭ قوراي، قىزىلىيار، تۇمۇرتى، ئېدىر كەنتلىرى ۋە تەڭرىتاغ يېزىسىنىڭ ھەر قايسى تاغلىق كەنتلىرىدىن تۆزلەڭلىككە كۆچۈرۈلۈپ بەرپا بولغان نۇرباغ، ياربۇلۇڭ ئېچىۋېتىش رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلدى.

قومۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزىسى تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان. يېزا مەركىزىنىڭ قومۇل شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 54 كىلومېتىر بولۇپ، تاغلىق رايوننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1800 مېتىر كېلىدۇ. يىللىق قىروسىز مەزگىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 120 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. يېزا ئومۇمىي كۆلىمى 2247 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىمالدا ئارتتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ تۇركۆل چارۋىچىلىق مەيدانى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبتا پالۋانتۇر يېزىسى، تاشبالىغ (تاشۋېلىق) يېزىسى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن تۇتىشىدۇ. پۈتۈن يېزا تەۋەسىدە تۇرۇك، نېرىن، قىزىلىيار، قوراي، ئىرغايتى، نېرىناسى، تۇمۇرتى، قاراقاپچىن، ئېدىر، شۈيتى، قاراغول قاتارلىق 11 مەمۇرىي كەنت، نۇرباغ، سايباغ، ئاقار، ياربۇلۇڭ قاتارلىق تۆت نامراتلارنى يۆلەش ئېچىۋېتىش رايونى بار. ئومۇمىي نوپۇس 7274 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 7241 يېزا نو-

پۇس. بۇ يېزا ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، خەنزۇدىن ئىبا-
رەت تۆت مىللەتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇيـ-
غۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.2%نى ئىگىلەيدۇ②.

سۇ ھاياتلىقنىڭ مەنبەيى. سۇ بولغاندىلا ھەر-
قانداق نەرسە ياشناپ- كۆكلىيەلەيدۇ. كىشلەر ئۇ-
مىد-ئىشەنچكە تولۇپ، قوۋناق ياشىيالايدۇ. سۇسىز
ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن قىيىن.

قومۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزىسى چارۋىچىلىقنى
ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدىغان قومۇلدىكى
تىپىك تاغلىق ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ بىرى. مەيلى دېھ-
قانچىلىق ياكى چارۋىچىلىقتا بولسۇن، سۇ ئىشلەپچىقـ-
رىشتىكى ئەڭ مۇھىم ھاياتلىق مەنبەلىرىنىڭ بىرى. بو-
لۇپمۇ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىنىڭ 70% نى
ئىگىلەيدىغان تەڭرىتاغ يېزىسىنىڭ چارۋىچىلىق ئىش-
لەپچىقىرىشى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. بۇ يەردىكى
كىشلەر چارۋىچىلىقتا ئاساسەن تەبىئىي يايلاقلارغا تا-
يىندۇ. چەكسىز كەتكەن يايلاقلار، ئېدىرلار، قوچۇرا-
قارىغايلىق ئورمانلار قار- يامغۇر سۇلىرىدا كۆكىرىپ،
چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت
يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا يامغۇر-يېغىنىنىڭ ئاز-كۆپ
بولۇشى يەرلىك خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇ-
شىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تاغلىق كىشلەرنىڭ جانلىق تىلىدا يامغۇر سۆزىنىڭ
ئورنىغا «يادا» سۆزى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، قۇرغاقچىلىق
بولغان يىللاردا مەھەللىدىكى جامائەت توپلىنىپ،
ئاللادىن يادا (يامغۇر) تىلەپ نەزىر ئۆتكۈزىدۇ. كول-
لېكتىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ نەزىر «يادىلىققا چىقىش»
ياكى «يادىلىق قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ.



### 1. يادىلىق نەزىرىنىڭ ۋاقتى

ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا، كۆپ قىسىم كى-
شىلەر« يادىلىق نەزىرى ئۆتكۈزۈشنىڭ قەرەللىك ۋاقتى
بولمايدۇ. يۇرتتا قۇرغاقچىلىق بولسىلا ئەتىياز، ياز دې-
مەي نەزىر قىلىپ، يادا تىلەيمىز» دەپ ئېيتىشتى.
بىراق، بىر قىسىم كىشلەر «يادىلىق نەزىرنى قار--
مۇز ئېرىگەن، ئۇسسۇملۇكلەر كۆكلەپ چىققان، ھەممە
جانلىقلار ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان مەزگىلدە قىلسا،
ياخشى بولىدۇ» دەپ قارايدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا
قويدى. ئىرغايتى كەنتىدىكى 73 ياشلىق كېرەم جە-
رۇل دېگەن كىشى مۇنداق دەيدۇ:

«يادىلىق قىلىشنىڭ ئىككى مەزگىلى بار. بىرىن-
چى، يادىلىقنى 4 - ئايلاردا قىلسا، ئەڭ ياخشى بو-
لىدۇ. بۇ چاغدا كۆك گۈلدۈرلەيدۇ، يەردىن كۆك ئۈ-
نۈپ چىقىدۇ. ئىككىنچى، يادىلىقنى مايسلار چېچەكلە-
گەندە قىلىدۇ، مايسلار، پۇرچاقلار چېچەكلىگەن مەز-
گىلمۇ يادىلىق نەزىرىنىڭ ۋاقتىدۇر.»يۇقىرىقى قاراشلاردا
گەرچە پەرقلەر بولسىمۇ، بىراق ئاساسىي جەھەتتىن
ئوخشاپ كېتىدۇ.

### 2. يادىلىق نەزىرى قىلىدىغان ئورۇن

سۇ دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ نەزەرىدە ھايات-
لىقنىڭ تىمسالى، پاكلىقنىڭ سىمۋولىدۇر. تارىختىن
بۇيان سۇ- ئوت قوغلىشىپ، چارۋىچىلىق ۋە تېرىق-
چىلىقتا تايىنىپ ياشاپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ قارىشىدا
سۇ بىر ئۇلۇغ مۆجىزاتتۇر؛ سۇ بار جايلار، بولۇپمۇ
سۇ شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان تاغلار تېخىمۇ مۇ-
قەددەستۇر. شۇڭا كىشلەر سۇ بار جايلارنى پاك، ئۇ-
لۇغ بولىدۇ، دەپ قاراپ، يادىلىق نەزىرنى كۆپىنچە
بۇلاق بېشى، غول بويلىرىدا ئۆتكۈزىدۇ، بەزىدە
مەسچىتلەردىمۇ ئۆتكۈزىدۇ. بىراق، يادىلىق نەزىرنى سۇ
بار ئېگىز جايلاردا، بولۇپمۇ تاغدىكى سۇ شارقىراپ
چۈشۈپ تۇرىدىغان يەرلەردە ئۆتكۈزۈشنى ئەڭ ياخ-
شى، تىلىگەن تىلەكمۇ ئاسان قوبۇل بولىدۇ، دەپ
قارايدۇ.

نۇرباغ ئېچۆېتش رايونى شۆيتى مەھەللىسىدى-
كى مەريەمخان دېگەن ئايال مۇنداق دەيدۇ:

‹‹يادىلىق نەزىرنى ھەر يىلى قىلىدۇ. تاغدا
(تاغلىق شۈيتى كەنتنى كۆرستىدۇ ـ ئاپتوردىن ) ئىك ـ
كى مەسچىت بار، يادىلىق قىلغاندا بىرلىشىپ قىلىدۇ.
چوڭلار ‹يادىلىق نەزىرنى ئىككى سۈنىڭ ئوتتۇرسىدىكى
ئارالدا ياكى ئادەمزات ئىز باسمىغان بۇلاق بويلىرىدا
قىلسا ياخشى بولىدۇ› دەيدىغان. بۇلتۇر (2006 ـ يى ـ
لى )بەك قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتتى، بىزنىڭ مەھەل ـ
لىدىكى قارى بالا ‹تاغدا قىلساق، ئىككى سۈنىڭ ئوت ـ
تۇرسىدا قىلساق› دېگەن ئىدى. جامائەت ئىككى غول ـ
نىڭ ئارىسىدىكى بىر جايدا نەزىر قىلىپتۇ. ئۇلار نەزىرنى
قىلىپ بولۇپ، مەھەللىگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا
يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ.››يۇقىرىقى سۆزلەردىن يادىلىق
ئۆتكۈزىدىغان جاينىڭ تاغدا بولۇشىنىڭ ئەڭ ئاساسىي
شەرت، بۇلاق بېشىدا ياكى ئىككى غول ئارىسىدىكى
ئارالدا ئۆتكۈزۈشنىڭ، سۇ بار، پاك جاي بولۇشىنىڭ
ئىككىنچى شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
چۈنكى، ‹تاغدا قىلساق، ئىككى سۈنىڭ ئوتتۇرسىدا
قىلساق› دېگەن كىشى مەھەللە جامائىتى تەرىپىدىن ئې ـ
تىراپ قىلىنغان، ئىسلام دىنىغا سادىق بىر قارىدۇر (قا ـ
رى ـ ئەسلىي ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ‹‹قۇرئان››
كەرىمنىڭ بارلىق سۈرىلىرىنى ياد ئالغان ۋە قىرائەت
بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىدۇر ). بۇنىڭدىن باشقا شۇنى
تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تۆزلەڭلىكتە ياشايدىغان
ئۇيغۇرلارمۇ تاغقا چىقىپ، سۇ بېشىدا يادىلىق قىلىش
ئەڭ ياخشى، تىلەك تېز قوبۇل قىلىنىدۇ. ئىمكانىيەت
يار بەرمىگەندە، سۇ بار، بۇلغانمىغان جايلاردا قىلسىمۇ
بولىدۇ، بۇنىڭغىمۇ ئىمكان بولمىسا، مەسچىتلەردە قىل ـ
سىمۇ بولۇۋېرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

### 3. يادىلىق نەزىرنىڭ قائىدىلىرى

يادىلىق يۇرتتىكى جامائەتنىڭ ئىلتىماسى، مەسچىت ـ
تىكى ئىمام ـ مەزىنلەرنىڭ يېتەكلىشىدە ئېلىپ بېرىل ـ
دۇ. بۇ خىل نەزىر زېمىننىڭ كۆكىرىشى، كىشىلەرنىڭ
ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا ئېرىشىشى، يۇرتنىڭ ئامانلىقى
ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇلۇغ نەزىر بولغاچقا،
ھەممە كىشى بۇ نەزىرگە چىن نىيىتى بىلەن قاتنىش ـ
دۇ. قول ئىلكىدە بار كىشىلەر بىردىن قوي ياكى
كالا، قول ئىلكىدە يوقلار پۇل چىقىرىشىپ، يىغىلغان
پۇلغا مال ئالىدۇ. بەزى ئائىلىلەر ياغدا چەلپەك سېلىپ
ئېلىپ چىقسا؛ بەزى ئائىلىلەر خېمىر يېيىپ، ئاشقا تەي ـ
يارلىق قىلىپ چىقىدۇ. بىر چىنە گۈرۈچ، ئازراقتىن پى ـ
ياز، سەۋزە، ياغ ۋە قاتارلىق كۆكتاتلار بولسىمۇ ئېلىپ
چىقىدۇ، ئىشقىلىپ ھەممە ئائىلە ئۆيىدە نېمە بولسا،
نەزىرگە شۇنى ئاتاپ ئېلىپ چىقىدۇ.

7 ياشتىن 70 ياشقىچە يۇرتتىكى ھەممە كىشى
بۇ نەزىرگە قاتنىشىپ، نەزىرنىڭ تامىقىدىن ئېغىز تې ـ
گىشىدۇ. ئەگەر ئاغرىق ـ ئاجىز كىشىلەر نەزىرگە قاتنى ـ
شالمىغان بولسا، ئۇلارغا ئاتاپ ئاش ئەۋەتىدۇ، باشقا
يۇرتلاردىن كەلگەن كىشىلەرمۇ نەزىرگە تەكلىپ قى ـ
لىنىپ، نەزىر ئېشىدىن ئېغىز تېگىدۇ. بۇنداق قىلىشتا
ئاساسەن بىرمۇ كىشىنىڭ نائۈمىد بولۇپ قالماسلىقىنى
تەكىتلەشتۇر. يۇرت بويىچە چىقىپ، تىلەك تىلەپ،
دۇئا قىلىشىدىكى مەقسەت ھەممە كىشىنىڭ تىلىكى
ئىجابەت بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بىراق، مۇشۇ يۇرت ـ
تىكى مەلۇم بىر كىشىنىڭ مەسىلەن، ئىمامنىڭ، ئاجىز
بىر ئايال كىشىنىڭ ياكى بولمىسا مەسۇم بىر بالىنىڭ
تىلىكى ئىجابەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دېگەن ئىدى ـ
يىنى چىقىش قىلىدۇ.

يادىلىق نەزىرى قانداق مۇراسىم ۋە قائىدە ـ
يوسۇنلار بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ؟ بىر قىسىم كىشىلەر يا ـ
دىلىق قىلىشنىڭ رىسالىلىرى بار، يادىلىق شۇ بويىچە
ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەيدۇ. بىراق، كۆپىنچە كىشىلەر يا ـ



2008 . 1



دىلىقنىڭ رىسالىسى يوق. بەزى قەدىمىي كىتابلاردا يادىلىق توغرىسىدا گەپ-سۆزلەر بار. يادىلىق شۇنىڭغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلاتتى. بىراق، هازىر ئۇ كىتابلار يوق. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى «تۆت كونىنى يوقىتىش» تا كونا كىتابلار بىلەن بۇ كىتابلارمۇ بىللە يىغىۋېلىنىپ، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. هازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يادىلىق نەزىرى ياشانغان كىشىلەرنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، دەيدۇ.

كىشىلەر ئېيتىپ بەرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يادىلىق نەزىرى تۆۋەندىكىدەك قائىدىلەر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ(1) : نەزىرگە چىقىش ئالدىدا ھەممە كىشى تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىدۇ؛(2)«قۇرئان» ئوقۇيالايدىغان كىشىلەر يىغىلىپ، «قۇرئان»دىكى سۈرە-ئايەتلەرنى بۆلۈپ ئوقۇپ، تامام قىلىدۇ؛(3) «قۇرئان»دىكى بىر قىسىم ئايەتلەر ئوقۇلۇپ، ئىدىشقا يەتكۈزۈلىدۇ. ئىدىشقا يەتكۈزۈش-ئوقۇلىدىغان ئايەتنىڭ سانىنى بەلگىلەنگەن سانغا توشقۇزۇش دېگەنلىكتۇر. ئادەتتە«قۇرئان»دىكى ئوقۇش زۇرۇر بولغان مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ ئوقۇش قېتىم سانىنى 70 مىڭ ياكى 7 تۈمەن 7 مىڭ 777 گە يەتكۈزۈلسە، ئىدىشقا يەتكۈزۈلدى، دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر بۇلاق، غول بويلىرىدىن ئۈششاق تاشلارنى تېرىپ ياكى ئورۇقچە، پۇرچاقلارنى توپلاپ، ئايەتلەرنى بىلدىغان كىشىلەر (ئەر-ئايال دەپ ئايىرىلمايدۇ) ئايەتلەرنى ئوقۇپ، ئىدىشقا يەتكۈزىدۇ. نەزىردىن كېيىن بۇ تاشلارنى سۇغا تاشلايدۇ؛(4) جامائەت ئىككى رەكەت ھاجەت نامىزى ئوقۇيدۇ؛ (5) مال ئۆلتۈرۈلۈپ قان قىلىنىدۇ، يوغان قازانلارنى ئېسىپ، نەزىر قىلىدۇ.

غىزادىن كېيىن، ھەممە قول كۆتۈرۈپ ئاللادىن «يامغۇر-يېغىن بېرىشىنى، زېمىننىڭ كۆكىرىشىنى، يۇرتنىڭ بەرىكىتىنى» تىلەپ، تاغلاردىكى سۇ بار، پاك جايلارغا بېرىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، كۆككە قاراپ تىلەك تىلىشى دەل قەدىمكى دەۋر كىشىلەرىنىڭ كۆك تەڭرىگە، يەر-سۇب (يەر-سۇ تەڭرىسى) قا تېۋىنىش مۇراسىمىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام يېپىنچىسىغا پۈركەنگەن ھالدا ئۆزگىچە بىر شەكىلدە ئىپادىلىنىشىدۇر. مەن زىيارەت قىلغان كۆپ قىسىم كىشىلەر سەمىمىيلىك ۋە قەتئىيلىك بىلەن«ئاللا بىزنى ياراتتى، زېمىننىڭ كۆكىرىشى ئۈچۈن يامغۇر-يېغىننمۇ ياراتتى، خۇدا يولىدا نەزىر قىلساق، ئاللاغا يېلىنساق، ئاللا يامغۇر-يېغىن بېرىدۇ. يادا بولسا، زېمىن كۆكىرىدۇ، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ ياخشى بولىدۇ» دەپ ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ يادىلىق توغرىسىدىكى ئىشەنچ-ئېتىقادىنىڭ قەتئىيلىكى، سەمىمىيلىكى مېنى ھەيران قالدۇردى. بۇ كىشىلەرنىڭ سۆز-



ئات بېشى سۆڭىكى

لىرىدىن قەتئىيەت ۋە سەمىمىيەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.
نۇرباغ ئىچۆۋىتىش رايونى شۇيتى مەھەللىسىدىكى مەر-
يەمخان دېگەن ئايالنىڭ سۆزىگە قاراپ باقايلى:

«چوڭ ـ كىچىك ھەممىمىز قول كۆتۈرۈپ،
ئاللادىن تىلەك تىلەيمىز..‹ يامغۇر ـ يېغىن بەرگەي-
سەن، ئىمانىمىزنى بەرگەيسەن، رىزقى ـ رۇزىغارىمىز-
نى كەڭ قىلغايسەن، ئاي ـ كۈنلەرنىڭ بەرىكىتىنى
بەرگەيسەن، تۇمۇ ـ كۆك يۆتەل، قارا تەر (ۋابا)
كېسەللىرىدىن يىراق قىلغايسەن› دەپ دۇئا قىلىمىز.
ئاللاغا يېلىنساڭ، ئاللا بىزنىڭ تىلىكىمىزنى يەردە قوي-
مايدۇ.»

يادىلىق نەزىرىدە يۇقىرىدا كۆرستىلگەندەك كى-
شلەر تەڭرىدىن يادا تىلەپلا قالماي يەنە يۇرتنىڭ ئا-
مانلىقى، كېسەل ۋە ھەرخىل ئاپەتلەردىن ساقلىشىنى،
يۇرتنىڭ بەرىكىتى ۋە رىسقىسىنىڭ كەڭ بولۇشىنى تى-
لەيدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە پادىشاھلارنىڭ ئامانلىقى
ۋە ئىنساپ ـ تەۋپىقىنىمۇ تىلەپ دۇئا قىلىدىغان ئادەت-
مۇ بار ئىكەن. ئۇلار بۇنى «پادىشاھ ئامان بولسا،
يۇرتتا ئۇرۇش بولماي، يۇرت تىنچ بولۇپ، خەلق ئا-
مان بولىدۇ؛ پادىشاھلار ئىنساپلىق بولسا، خەلق ياخشى
كۈن كەچۈرىدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئاتنى چېچەن، جەڭدە مىنىدىغان ئۇلۇغ
نەرسە دەپ ئۇلۇغلايدۇ. تاغلىق رايونلاردا تاغدىن دو-
ملاپ ياكى باشقا سەۋەبلەردىن ئۆلۈپ قالغان ئاتلار-
نىڭ بېشىنى كېسۋېلىپ، قوچقارلارغا ياكى ئېگىز يەر-
لەرگە ئېلىپ قويىدىغان ئادەت بار. ئات بېشىنى
يەرگە تاشلاشقا، ئاياغ ئاستى قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ
يەردىكى كىشلەر ئارىسىدا يەنە ئايغىر بېشىنى ئە-
تىۋارلاپ ساقلايدىغان ئادەتمۇ بار. چۈنكى، ئايغىر
بېشى يادىلىق مۇراسىمىدىكى مۇھىم ئىرىملىق بۇيۇم-
دۇر.

يادىلىق نەزىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يۇرتتىكى
ئىمام ـ مەزىن ۋە بىر قىسىم يادىلىقنىڭ قائىدىلىرىنى
بىلىدىغان كىشلەر بىرلىشىپ ئەتىۋارلاپ ساقلىغان
ئايغىر ئات بېشىغا ئايەت پۈتۈپ، ئۇنى شارقىراتمى-
دىن سۇ چۈشۈۋاتقان يەرگە، بۇلاق كۆزىگە ياكى
غول سۇيىگە سالىدۇ. بۇ يادىلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم قائى-
دىلىرىنىڭ بىرىدۇر. كىشلەر شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن
يامغۇر ياغىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. يادىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان
ئايغىرنىڭ رەڭگىگە قارىتا كىشلەر ئارىسىدا ئوخشاش
بولمىغان كۆز قاراشلارمۇ بار. بەزى كىشلەر «قارا
ئايغىرنىڭ بېشى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا تى-
لەك ئىجابەت بولىدۇ، بۇ يادىلىقنىڭ قائىدىسى» دەي-
دۇ. يەنە بىر قىسىم كىشلەر «كۆك ئايغىر بولسا
تېخىمۇ ياخشى، چوڭلار شۇنداق دەيدىغان» دەيدۇ.
ئەمما، كۆپ قىسىم كىشلەر «ئايغىر بولسىلا بول-
دى، ئۇنىڭ بېشىغا ئايەت پۈتۈپ، سۇغا سالسا، يادا
ياغىدۇ» دەيدۇ. بۇ خىل ئوخشاش بولمىغان كۆز
قاراشلارنىڭ بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك، قارا رەڭلەرنى
ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت قەدىمي دىنىي ئېتىقادى بىلەن
باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زامانىۋى يوللارنىڭ ياسى-
لىشى، ئادەمنىڭ كۆپىيىشى، ئوتلاقلارنىڭ تېرىلغۇ يەر-
لەرگە ئۆزگەرتىلىشى، يامغۇر ـ يېشىننىڭ ئازلاپ،
ئوت ـ چۆپلەرنىڭ قۇرۇپ ـ چېكىنىپ كېتىشى قاتارلىق
تەبئىي كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى يىلقىلارنىڭ ياشاش
بوشلۇقىنى تارايتىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە زامانىۋى
قاتناش ۋاستىلىرىدىن تراكتور، ماشىنا، موتسىكىلىت قا-
تارلىقلارنىڭ بارا ـ بارا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، يىلقىنىڭ
قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش،
ئۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش ـ ئالاقە ئىشلىرىدىكى
ئالاھىدە رولى ئاجىزلاپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن
كىشلەر ئاتنى ئانچە باقمايدىغان بولغان. شۇڭا يادى-
لىق نەزىرىدە مەيلى قارا ئايغىر ياكى كۆك ئايغىر بول-
سۇن، ئايغىر بېشى بولسىلا بولىدى دەيدىغان قاراش
ئومۇملاشقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ھازىر «خۇداي-
تائالا ئادەمنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن خېلى كۆپ
لاي ئېشىپ قاپتۇ. خۇدايتائالا ئادەم پايدىلانسۇن دەپ
يىلقىنى يارىتىپ، بىر پۈۋلىگەنىكەن يىلقا ئۇچقاندەك
چېپىپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئەل ئارىسىدا ‹تاۋار پۇرۇقچى
ئاشار، لاي پۇرۇقچى ئاشماس› دېگەن ماقال بىلەن
‹يىلقا ـ يەلدىن› دېگەن گەپ تارقالغانىكەن» ③،

((ئەر قانتى - ئات))، ((يىلقا جەڭگە يارىتىلغان))، ((ئاتائىنىڭ بارىدا ئەل كۆر، ئېتىئىنىڭ بارىدا يەر كۆر))، ((مېھماننى باققۇچە، ئېتىنى باق))، ((يۈز يىلقىدىن بىر تۇلپار چىقار، مىڭ يىلقىدىن بىر دۇلدۇل (چىقار))) دېگەندەك يىلقىنى ئۇلۇغلايدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر بىلەن ئاتىلار سۆزلىرىنى ئىنتايىن ئاز ياشانغانلارنىڭ ئاغزىدىنلا بىرە بىر ئىشىتىشكە بولىدۇ. بۇنى تەڭرىتاغ يېزىسى تۆمۈرتى كەنتىدىكى 76ياشلىق ئابلىز نىياز دېگەن كىشىنىڭ سۆزىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

((يادىلىق تۇغرىسىدا ئۇتتمۇشتە ئاتا-بوۋىلار ( تېنى كۆك ئايغىر بولسا، ئۇنى قان قىلىپ، گۆشىنى جامائەت يەپ، نەزىر قىلسا، بېشىنى سۇغا سالسا، دەيدىغان. بىز ئىشتاننى ئەمدى يۆلەپ يۈرگەن چاغلاردا يادىلىق نەزىرنى شۇنداق قىلىدىغان. ھازىر تېنى كۆك ئايغىر تۇرماق، ئادەتتىكى ئاتنىمۇ تاپماق تەس. ھازىر ئات تۈگىدى. شۇڭا ھازىرقى يادىلىقتا ئايغىر ئات بېشىنى ئىشلىتىمىز، تېنى كۆك ئايغىر بولۇشى كېرەك دەپ كەتمەيمىز.))

يادىلىقتا ئايغىر ئات بېشىغا ئايەت پۈتۈپ، بۇلاق كۆزىگە سالغاندىن باشقا يەنە يىلاننى باغلاپ بۇلاق ياكى غولدىكى سۇغا سالىدىغان ئادەتمۇ بار. كىشىلەر (( يىلان ئارۋاق قىلىدىغان ھايۋان، يىلاننى سۇغا باغلاپ قويغاندا، يىلان ئاسمانغا قاراپ ئارۋاق قىلىدۇ، شۇنىڭ نالىسىدە بۇلۇتلار يىغىلىپ، يامغۇر ياغىدۇ)) دەپ قارايدۇ. ئارۋاق دېگىنى دەم تارتىش دېگەن مەنىدە. مەسىلەن، پاقا ئارۋاق قىلىپ پاشا، كۇمۇتلارنى يەيدۇ.

تەڭرىتاغ يېزىسىنىڭ شۇيتى كەنتىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقا قارا تاش بىلەنمۇ يادىلىق قىلىدىغان ئادەت ساقلانغان. ئۇلار يەتتە تال قارا رەڭدىكى تاشنى پاكىز غول بويلىرىدىن ياكى بۇلاق ئىچىدىن تېپىپ، شۇنىڭغا ئايەت ئوقۇپ، بۇلاق ياكى غول سۈيىگە قويسا، يادىلىق تىلەك ئوخشاشلا ئىجابەت بولىدۇ، دەپ قاراپ، ھازىرمۇ شۇ ئادەت بويىچە ئېلىپ بارىدىكەن.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن مەن زىيارەت قىلغان كۆپ سانلىق كىشىلەر (( يادىلىق نەزىر قىلسىلا، يادا ياغماي قويمايدۇ، يادا ياغسا زېمىن كۆكلەيدۇ. بۇ بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىز، ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قىلىپ كەلگەن ئادەت)) دەپ، يادىلىقتا بولغان چىن ئىشەنچ-ئېتىقادىنى ئىپادىلىدى. تەڭرىتاغ يېزىسى تۆمۈرتى كەنتىدىكى 57ياشلىق ئابدۇرېھىم سوپى دېگەن كىشىنىڭ سۆزى بۇنى دەلىللەيدۇ:

((مەن مەزىن بولغىلى 10 يىل بولۇپ قالدى، يادىلىق نەزىرنى ھەر يىلى قىلدۇق، بەزى يىللاردا ئىككى قېتىم قىلدۇق. يادىلىق نەزىرنى ئەتىياز، ياز دېمەي قۇرغاقچىلىق بولسىلا قىلىمىز. بۇلتۇر يادىلىق نەزىرنى يازدا قىلغان، بۇ يىل (2007-يىلى)4-ئاينىڭ12 -كۈنى ئۆتكۈزدۇق. بۇنداق نەزىر كۆپچىلىكنىڭ قىزغىنلىقى، جامائەتنىڭ رازىلىقى بىلەن بولىدىغان ئىش. ھەممىسى ((قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتتى، نەزىرگە چىقساق)) دەپ ئىلتىماس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نەزىرگە چىقتۇق. ئىلگىرى تۆمۈرتى كەنتىدىكى ھەممە جامائەت بىر بولۇپ نەزىرگە چىقىدىغان، بۇ يىل جامائەت ئۈچكە بۆلۈنۈپ نەزىرگە چىقتۇق. مەھەللىلەر بىر-بىرىدىن يىراق، توپلىنىپ بىر چىقساق، يىراقراق مەھەللىدىكى بەزى ئاجىز، كىچىكلەر نەزىرگە قاتنىشالمايدىكەن. نەزىرنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇششاق نارەسىدىلەرمۇ قاتناشسا، دۇئا قىلسا ياخشى بولىدۇ. شۇڭا يۇرتتىكى ھەممە كىشىنىڭ قاتنىشىشىنى مەقسەت قىلىپ بۇ يىل جامائەت ئۈچكە بۆلۈنۈپ نەزىرگە چىقتۇق.))

يادا تىلەش پائالىيىتى خەلق ئارىسىدىكى پائالىيەت بولۇپ قالماي، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ۋاڭلىق تۈزۈمدە يەنە قانۇنلاشقان بىر پائالىيەت بولۇپ، يادا قىلىدىغان مەخسۇس موللا، داخانلار بار بولغان. بۇنى ھاپىز نىياز(1896-1982) دېگەن تارىخچى كىشىنىڭ ((قومۇل گۈلىستانلىقى)) دېگەن كىتابىدىكى مۇنۇ قۇرلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ(( : ساناق بولماستىن ئىلگىرى يادا - يېغىن كەم ۋاقىتلاردا ۋە يايلودىكى

ئوت ـ چۆپلەرگە ئاپەت يۈز بەرگەن ۋاقىتلاردا يامغۇر تەلىپى قىلىدىغان داخان،مولىلاملارنى ۋاكالىتەن تاغ ـ يايلاقلارغا يامغۇر تەلىپى ئۈچۈن ئەۋەتەتتى». ④.

دىنىي ئېتىقاد ئىنسانىيەت تارىخىدىكى قەدىمىيلىككە ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇ ئىنسان بىلەن تەبىئەت، تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچلەر بىلەن شۇ مۇھىتتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت سىستېمىسى.

ئىنسانلارنىڭ ھېسسىي تۇيغۇلىرى بىلەن ئەقلىيلىكىنىڭ، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تەلەپ -ئېھتىياجلىرى بىلەن تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنىڭ، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشى ئارىسىدا تۈرلۈك توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى بىلەن غايىسى ئوتتۇرىسىدا زور پەرقلەر بولغاندا، دىنىي ئېتىقاد ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

ئادەتتە كىشىلەر يۇقۇملۇق كېسەللەر تارقىلىپ، ئۆلۈم -يېتىم ئىشلىرى كۆپەيگەندە؛ ئاشلىقلارغا ھەرخىل ئاپەتلەر كېلىپ، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى خەۋپ ئىچىدە قالغاند؛ قۇرغاقچىلىق بولۇپ، يايلاقلار قۇرۇپ، كىشىلەر ئېغىر كۈنلەرگە قالغان چاغلاردا يىغىلىپ، قان قىلىپ، نەزىر قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەڭرىگە بولغان چىن، سەممىي ئېتىقادىنى، تەڭرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، قۇدرەتلىكلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىپ، قىيىنچىلىقتىن ئامان -ئېسەن ئۆتۈپ كېتىشىنى تىلەيدۇ. بۇ دىنىي مۇراسىملارنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشىنىڭ ئاساسىدۇر.

سۇ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسى. تەبىئىي ئوتلاقلارغا تايىنىپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەڭرىتاغ يېزىسىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن، قۇرغاقچىلىق ئاپەت ۋە ۋەھىمىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا قۇرغاقچىلىق مەزگىللەردە كىشىلەر پۈتۈن يۇرت بويىچە يىغىلىپ، قان قىلىپ، يادىلىق (نەزىرى) قىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يادىلىق مۇراسىمى ھۆل -يېغىن مىقدارى ئاز بۇ تاغلىق رايونلاردا چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ كەلگەن.

يادىلىق (نەزىرى) ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىدىن كېلىۋاتقان ئاپەت ـ ۋەھىمە، تەشۋىشلەردىن خالاس بولۇپ، ئۆزلىرىگە روھىي تەسەللىي ئىزدەيدۇ. بۇ مۇراسىملار كىشىلەرنى بىرلىكتە تىرىشىپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن ئامان -ئېسەن ئۆتۈۋېلىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بولىدۇ. كىشىلەردىكى روھىي بېسىمنى يېنىكلىتىپ، يۇرتنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مانا بۇ يادا تىلەش مۇراسىملىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولىدۇر. يادىلىق نەزىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز سېھرىي كۈچىنى يوقاتماسلىقى ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك رولىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

كۆرسەتكۈچلەر:

①. قومۇل خانلىقى 24 يېزا -كەنتنى ئاساس قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن بولۇپ، بۇلار12 تاغ، بەش شەھەر، بەش تۇرا، قارامۇقچى، تاششار (تاششەھەر -ت) دەپ ئاتالغان. ‹‹12 تاغ››- تەڭرىتاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى نېرىنكىر، تۇركۆل، ئارتتۇرۇك، باي، نومنى؛ تەڭرىتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى شوپۇل، خوتۇنتام، باغداش، ئېدىر، قوراي، تاراتۇ، سەركىرالارنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى تەڭرىتاغ يېزىسى شۇ تاغلار ئىچىدىكى قوراي ۋە ئېدىرنى مەركەز قىلغان رايونلاردۇر. ۋاڭلىق دەۋرىدە بۇ تاغ رايونلارغا دورغا، قورمال، كۆكبېشى (مىراب)، ئۈچبېگى دېگەن ئەمەللەرنى بېكىتىپ باشقۇرغان. بۇ مەلۇماتلارنى ھاپىز نىيازنىڭ ‹‹قومۇل گۈلىستانلىقى›› ناملىق كىتابىنىڭ نەشرىدىن چىقىش ئالدىدىكى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسى4—5 -بەتلەردىن ئالدىم.

② قومۇل شەھىرى يىلنامىسىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «قومۇل شەھىرى يىلنامىسى» (2003)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 -يىل10 -ئاي1 -نەشرى،229 -بەت.

③يۈسۈپ ئىسھاق:«ئادەم بىلەن يىلقىنىڭ يارىتىلىشى» «مىراس» ژۇرنىلى1999 -يىل2 -سان،72 - بەت.

④. ھاپىز نىيازنىڭ«قومۇل گۈلىستانلىقى» ناملىق كىتابىنىڭ نەشرىدىن چىقىش ئالدىدىكى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسى 49 -بەت.



# سالام خەت يېزىشنىڭ ۋاقتى كەتتىمۇ؟



تۇرغۇنجان ئىمىن

يېقىندا، ئىشخانىدا توردا ماقالە يوللاۋاتاتتىم، ئادەتتە خۇشچاقچاق، ئوچۇق-يورۇق، كىشىلىك جەمئىيەت، ئادەمىيلىك، ئەدەپ-قائىدە توغرىسىدا ماڭا ئۇزىنىڭ ھېس قىلغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مېنى چوڭقۇر تەربىيگە ئىگە قىلىدىغان خىزمەتدىشىم جىمپلا كەتتى، مەن تۈيدۇرماستىن ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئىشقا دەخلى قىلماي دېگەن ئوي بىلەن ئۆز ئىشىمغا مەشغۇل بولدۇم، ئارىدىن يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، قارىسام ئۇ يەنىلا باش كۆتۈرمەي ماقالە قەغىزىگە ئۆز پوچېركىسىدا بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتاتتى.

— ئادەتتە خەۋەر - ماقالە يازسىڭىز كومپيۇتېردا يازاتتىڭىز، بۈگۈن ئىلھامىڭىز كېلىپ كومپيۇتېردا ئورۇشقا ئالدىراپ كېتىپ، ئۆز پوچېركىڭىز بىلەن بىۋاستە يېزىۋاتامسىز نېمە؟، - دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— ياقەي، ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان قىزىمغا سالام خەت يېزىۋاتىمەن،— دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي قەلەم تەۋرەتكىنىچە.

— نېمە؟ قىزىڭىز بىلەن كۈندە بىر - ئىككى قېتىم تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇرىۋاتىسىز، يەنە سالام خەت يېزىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ — دەپ سورۇدۇم مەن ئۇنىڭ جاۋابىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ.

— دېگىنىڭىزغۇ توغرا، قىزىم بىلەن كۈندە تېلېفوندا سۆزلىشىپ تۇرۇۋاتىمەن. تېلېفوندا سۆزلەشكەندە ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ، بىراق ئۇزۇن سۆزلەشكىلى، كۆڭۈلدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ. تېلېفوندا دېيىشكەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بالىلارنىڭ ياكى قارشى تەرەپنىڭ ئېسىدە قېلىشى ناتايىن. سالام خەت يېزىش ئارقىلىق بالىلارغا، قارشى تەرەپكە خېلى جىق گەپلەرنى دېگىلى، كۆڭلىڭىزدە ئويلىغانلىرىڭىز، كەلگۈسى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىڭىز، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى ئېنىق، جانلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە سالام خەت دېگەن «يېرىم دىدار»ئەمەسمۇ؟ يەنە تېخى تەنىنەرخىمۇ ئەرزان. كىشى يىراق يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەندە ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ، دوست - ئاغىنىلىرىنىڭ پوچېركىسىنى كۆرگەندە قەۋەتلا خۇش بولىدۇ - دەگە، يەنە بىر تەرەپتىن سالام خەت دېگەن بىر قېتىم ئوقۇپ بولۇپ، ساقلاپ قويسا، يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى، دوست - ئاغىنىلىرىنى سېغىنغاندا يەنە قولىغا ئېلىپ ئوقۇسا، كىشىگە زور ئىلھام- مەدەت، تىرىشچانلىق ۋە تەسەللى ئاتا قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟— دېدى ئۇ ماڭا ئەمەدىلا يېزىپ بولغان سالام خەتنى كونۋېرتقا ساغاچ.

خىزمەتدىشىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشچە، ئۇ قىزى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئوقۇشقا كەتكەن ئىككى يىلدىن بۇيان ئىككى ھەپتىدە بىر پارچە سالام خەت يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇ، كىچىكىدىن تارتىپ بىردەممۇ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئايرىلماي كەلگەن ئاززۇلۇق قىزىمۇ ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە سالام خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدا، خۇددى ئۇنىڭدىن ھېيتلىق ئالغاندەك خوش بولۇپ، يۈكسەك ئارزۇ، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ، تىلەكلەر يۇغۇرۇلغان سالام خەتنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، زور ئىلھام ۋە مەدەت ئاپتۇ، ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ سىنىپ بويىـ

چە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتۈپتۇ. ئۇنىڭ قىزى يەنە دادە- سىدىن كەلگەن سالام خەتنى ساۋاقداشلىرىغا پەخىرلە- نىش ئىلكىدە ئوقۇپ بېرىپ، بۇ خۇشاللىقتىن ساۋاقداشلىرىنىمۇ بەھرىمەن قىلىپتۇ. سىنىپ مۇدىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈگىنىش نەتىجىسىنىڭ كۆنسېرى يۇقىرى كۆتۈ- رۈلۈشىگە ئىلھام، مەدەت بېرىۋاتقان سالام خەتتىن بىر نەچچە پارچىسىنى مەخسۇس شىنجاڭلىق ئوقۇغۇ- چىلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان مەكتەپ گېزىتىدە ئېلان قىلىپ، باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە تىكلەپتۇ. كۆندە- لىك تۇرمۇش ۋە خىزمەت رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇچۇر -ئالاقە ئىشلىرىمىزمۇ زور تەرەققى- ياتلارغا ئېرىشتى. مەيلى ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست- بۇرادەرلەر ۋە ياكى خىزمەتداشلار ئارا ئەھۋال سوراشقاندا، ئۆز ئارا مۇبارەكلەشكەندە، جىددىي ئىشى- مىز چىقىپ قالغاندا، تېلېفون ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسەتلىرىمىزگە يېتەلەيدىغان بولدۇق . ئىلگىرى ئۇ- چۇر- ئالاقە ئىشلىرىمىزنىڭ راۋان بولماسلىقى سەۋە- بىدىن كۆڭلىمىزدىكى ياخشى تىلەك ۋە ئارزۇ- ئار- مان، خۇشاللىق خاپىلىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى سالام خەت شەكلىدە قارشى تەرەپكە ئەۋەتىش ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەتتۇق. ھازىر دەۋرنىڭ تەرەق- قىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كادىردىن تارتىپ دېھقانغى- چە ئاززاق ئىقتىسادى كىرىمى بار كىشىلەرنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن تېلېفون بار بولدى، ئالاقە ئىشلىرىمىزمۇ كۆپ قۇلايلاشتى. نۆۋەتتە سالام خەت يازىدىغانلار




**خاسىيەتلىك ئۆتكەن بىر يىلنى ئۇزىتىپ، زور ئۈمىدكە تولغان يېڭى يىلنى كۈتۈۋالماقتىمىز، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىزگە سالامەتلىك ۋە خۇشاللىق تىلەيمىز!**



ھۆرمەت بىلەن : × × × × ×

2008 - يىل 28 - دېكابىر

ئاساسەن قالمىدى، پەقەت يېڭى يىل ۋە ھېيت- بايراملاردا ئاتكىرىتكىلارغا پەقەت بىر نەچچە جۈملە تىلەكلىرىمىزنى ئوچۇق- ئاشكارىلا يېزىپ ئەۋەتىدىغان ھالەتىمىزلا ساقلىنىپ قالدى. سالام خەت يېزىش ئار- قىلىق كۆڭلىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى يۈرەك سۆزلىرىمىزنى ئاتا-ئانىلىرىمىز، پەرزەنتلىرىمىز، ئۇ- رۇق- تۇغقانلىرىمىز، دوستلىرىمىزغا ئىزھار قىلىدىغان ئەنئەنىلىرىمىز يوقىلىشقا باشلىدى.......

ئۇنداقتا ئۇچۇر ئالاقە- ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە سالام خەتنىڭ راستىنلا ۋاقتى كەتتە- مۇ؟

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سالام خەتنىڭ تېخى ۋاقتى كەتمىدى ھەم مەڭگۈ كەتمەيدۇ. شۇنداق، سالام خەتمۇ يېرىم دىدار. گەرچە سالام خەتتە قارشى تەرەپنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر بىر قۇرلارغا مارجان كەبى تىزىلغان ئوتلۇق تىلەك- لەر، سەممىي ئۈگۈت- نەسىھەتلەر پەرزەنتلىرىمىز، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست- بۇرادەرلىرىمىزگە باشقىچە ئىلھام ۋە مەدەت بېغىشلايدۇ. ئاتا-ئانىلىرىمىزغا بولسا تەسۋىرلىگۈسىز تەسەللىي ھەم خاتىرجەملىك ئاتا قىلى- دۇ. تېلېفون، چاقىرغۇ، ئىنتېرنېت قاتارلىق زامانىۋى ئالاقىلىشىش قوراللىرىدا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چىرايىنى كۆرۈپ تۇرۇپ دېيىشكەن بىر نەچچە ئېغىز ئەھۋال سورىغىنىمىزغا قارىغاندا، سالام خەتتە پىكىر، ئوي-- خىيالىمىزنى ئەركىن-ئازادە ئوتتۇرىغا قويالايمىز،

يىراقلاردا ئوقۇۋاتقان پەرزەنتلىرىمىزگە ئۇلارنىڭ گۈزەل
كەلگۈسىنى سۈرەتلەپ بېرەلەيمىز، كۆڭلىمىزدە ئويلـ-
غانلىرىمىزنى تولۇق يازىمىز. شۇڭا سالام خەتنىڭ ئۇ-
جابىي رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. زامانىۋى ئالاقـ-
لىشىش قوراللىرىدىكى ئاۋازىمىز، يېزىقلىرىمىزغا ۋىرۇس-
تىن ئىبارەت دۈشمەن ھەر ۋاقىت توسقۇنلۇق قىلـ-
شى، باشقىلار كۆرۈپ قېلىشى، ئاڭلاپ قېلىشى مۇمـ-
كىن. لېكىن سالام خەت قارشى تەرەپكە ۋىرۇسسىز
يېتىپ بارىدۇ. مەيلى ئۇچۇر-ئالاقە ئىشلىرىمىز قانچـ-
لىك تەرەققىي قىلسۇن تېلېفون، چاقىرغۇ، ئىنتېرنېت
ۋە سالام خەتتىن ئىبارەت ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ
ھېچقايسىسى بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، يەنىلا
خىزمەتدىشىمغا ئوخشاش باشقا يۇرتلاردا ئوقۇۋاتقان
پەرزەنتلىرىمىز، تىجارەت قىلىۋاتقان تۇغقانلىرىمىز بىز-
نىڭ كېيىنلىكىمىز توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ، كىرپىك
قاقماي كۈنسېرى مۈكچىيىۋاتقان ئاتا-ئانىلىرىمىزغا،
تورخانىلاردا دوستلىشىشنى باھانە قىلىپ، كېچە-كې-
چىلەپ ئۇخلىماي، كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ، QQ
دا مۇھەببەتلىشىۋاتقان، سىردىشىۋاتقان، دەرس
تاشلاۋاتقان، بىلىم ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ
قويىۋاتقان ياش دوستلىرىمىزغا يۈرىكىمىزدىكى گەپلـ-
رىمىزنى سالام خەت ئارقىلىق ئېيتايلى، سالام خەت
يېزىش كونىلىقنى تەرغىب قىلغانلىق ئەمەس، ھەممـ-
مىز ۋاقىت چىقىرىپ ئۆز ئارا خەت يېزىشىپ تۇرايـ-
لى، كۆڭدە كۆرۈشۈپ تۇرالمىساقمۇ، ئۆز پوچېركىمىز
ئارقىلىق دىدارلىشىپ تۇرايلى!

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات
بۆلۈمىدە)

# شەيتان لۇغەت

ئائىلە - بىر ئايالنىڭ ئۆز گىرىملىرىدىن تەلتۆكۈس
ئادا بولالايدىغان جايى.

گۈل ئاسرىغۇچى، ئەلچى بولۇش - نىسبىي بـ-
خەتەر ھالەتتە بارلىق ئەرلەر ئۆز زىممىسىگە ئېلىشنى
خالايدىغان مەسئۇلىيەت.

ئالىيجاناپلىق - بىراۋ ماڭا ئۆزى ئىستېمال قىلغان
تۈزنىڭ مەن يېگەن تائاملاردىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكى تو-
غۇرلۇق لاپ ئۇرۇپ بەرگەندە، مەن دەرھال ئاشۇ
ئاقساقالنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن ئەنـ-
سىرەپ قالدىم. چۈنكى، تۈز ئىستېمالى ئاشۇنداق
دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندىكىن، ئۇنىڭ ئاشقازىنىدا كې-
سەل يوق دېگەندىمۇ، جەزمەن يۇقىرى قان بېسىم
كېسىلى بار.

ئېلان - مانا بۇنداق بىر خىل سەنئەت: ئۇ ئالدى
بىلەن مەلۇم بىر نوپۇزلۇق زاتنىڭ تەلەپپۇزىغا تايىنىپ
، سېنى قورقۇتۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويىدۇ. ئاندـ-
دىن كېيىن يەنە سېنىڭ ھاياتىڭنى قۇتقۇزۇپ قالالايـ-
دىغان مەھسۇلاتلىرىمىز، دەپ جار سالىدۇ.

چەت دۆلەت - ئۇ بىزگە قوشنا ئەل. ئۇنىڭ
بىر مەھەللە تام قوشنىلىرىمىزغا ئوخشمايدىغان يېرى
شۇكى، بىز ھەمىشە چەت دۆلەت دېگەن ئۇنداق
ياخشى، چەت دۆلەت دېگەن مۇنداق ياخشى دەپ
سۆزلەپلا كېتىمىز. بىراق، تام قوشنىلىرىمىز توغۇرلۇق
گەپ ئاچقىنىمىزدا، قوشنىلىرىمىزنى ئۇنداق ئەسكى،
مۇنداق ئەسكى دەپ قاقشاشنىلا بىلىمىز.

ناتىۋانلىق - بەدەننىڭ زەئىپلىشىشى، پاراسەتنىڭ
سۇسلىششى، ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ نامراتلىششى،
شۇنداقلا ياش قىزلارنىڭ مودا قوغلىشىپ ياسىنىشقا
مەستانە بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ئومومىي ئاتىلىشىدۇر

ئېرشادى تەرجىمىسى

# ئۇيغۇر مىللىي داستانچىلىقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

ياسىن مەتنىياز تېكە



1. مىللىي داستانچىلىقنىڭ تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى

بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇقراق تارىخقا ئىگە بولغان مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇرنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھۋالدىن خەۋەر بەرگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن قانچە قىممەتلىك بولسا، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ يىراق ۋە نازۇك تەرەپلىرىدىن ئۇچۇر بېرىشى بىلەن شۇنچە قىممەتلىك. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ يىرىك ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلق ئەدەبىياتىدىكى نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغاندىن باشقا، خەلق سەنئىتىنىڭ سېھرىي كۈچى بولغان مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكىنىمۇ نامايان قىلغان. ئۇ يەنە مەزمۇن جەھەتتە مۇھەببەت، تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلغانلىقى ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل قۇرۇلما ئىچىدە مۇئەييەن تەپسىلاتلارغا ئىگە بولغان ۋەقەلىكنى بايان قىلىشى بىلەن باشقا تۈرلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىرىش ۋە پىششىقلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ، بولۇپمۇ بۇ جەرياندا باشتىن ئاخىر بەدىئىي پىششىقلاشتىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا، ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى قىياس قىلىش تولىمۇ مۈشكۈل ئىلمىي خىزمەت. خەلق داستانلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنى گەرچە مەشھۇر ئېپوس «ئوغۇزنامە»دىن باشلىساقمۇ، ئۇنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى قىياسەن ھالدا «مىلادىيدىن كېيىنكى 4 ـ 5 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە مۇكەممەل شەكىلگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن»① دېگەندىن باشقا ئېنىق بېكىتىلگەن يىل ۋاقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئامالسىزمىز. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، داستانلاردا ئەكس ئەتكەن تۈرلۈك مەزمۇنلاردىن بىز ئۇنىڭ ئىنتايىن يىراق دەۋردىن مەلۇمات بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. مەيلى قاچان پەيدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر داستانلار پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، نۇرغۇن تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى ۋە مەزمۇن، قۇرۇلما، ئورۇندىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۆزىگىچە بىر ژانىرلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى. داستانلار دەۋرنىڭ قېنى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، سۆيى بىلەن سۇغۇرۇلۇشتەك ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى، بولۇپمۇ خەلق تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەپ بەردى. بۇ ئالاھىدىلىك پەيدىنپەي داستانلارنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى زور ئېپىكلىق ئەسەرلەرگە ئاساس سېلىشتەك سەۋەبكە مۇيەسسەر قىلدى. شۇڭا خەلق داستانلىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىن باشقا يەنە ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ھازىرغىچە قىلىنغان تېكىست تەتقىقاتى ئاساسىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى
يېگانە تارىخىي شەخسلەر مەدھىيىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ۋە-
تەن ۋە ئەل- يۇرت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەر خىل
كۈرەشلىرى مەدھىيىلىنىدىغان داستانلار. بۇلار پەيدا
بولغان دەۋرى ئىنتايىن يىراق بولغاچقا، ئۇلارنى ئا-
ساسىي جەھەتتىن قەھرىمانلىق داستانلىرىغا مەنسۇپ
دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ خىلدىكى داستانلارنىڭ ئەڭ
قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇلاردا ئىپتىدائىي تەپەككۇر-
نىڭ ساقىندىسى بولغان ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ ئېلې-
مېنتلىرى بولۇپ، قەدىمكى دىن، ئۆرپ-ئادەت ۋە
تىل مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەتقىقات
قىممىتىگە ئىگە. بۇلاردىن «ئوغۇزنامە»، «چىستانى
ئىلىك بەگ»،«چىنتۆمۈر باتۇر»قاتارلىق داستانلارنى
مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئىككىنچى، مۇھەببەت
ئاساسىي تېما قىلىنىپ، ئەركىنلىك بوغۇلغان فېئودا-
لىزم دەۋرىدىكى ئېزىش ۋە بوغۇلۇش ئۈستىدىن شىكا-
يەت قىلىنىدىغان داستانلار. بۇ خىل داستانلار ئۇيغۇر
خەلق داستانلىرىنىڭ خېلى مۇھىم قىسمىنى تەشكىل
قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىر قىسمىدا ئاقكۆڭۈل، ۋاپادار،
چىداملىق، مەشۇقىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر-
قانداق جاپادىن قورقمايدىغان غايىۋى يىگىتلەرنىڭ
ئوبرازى تىكلەنسە، («ھۆرلىقا— ھەمراجان»،«قەمەر
شاھ— شەمسى جانان»)، يەنە بەزىلىرىدە ئۆز ئاشىقى-
نىڭ ۋاپادارى سۈپىتىدە بۇ دۇنيانىڭ بارلىق مەئىشەتلى-
رىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان گۈزەل مەلىكىلەرنىڭ ئوبرا-
زى(«پەرھاد- شېرىن»،«بوز يىگىت») يارىتىلىپ،
ئاشىقلىغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا باتۇر، مەردانە ۋە
تەڭداشسىز گۈزەل ئوبرازلار مەيدانغا كېلىدۇ. روماn-
تىزملىق مېتودمۇ، رېئالىزملىق ئۇسلۇبمۇ ئارىلاش
قوللىنىلغان بولغاچقا، ئاجايىپ گۈزەل ئەدەبىي كار-
تىنا ئارقىلىق ئەپسانە، رىۋايەت ۋە رېئاللىق بىر-بى-
رىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ساماۋى بەدىئىي مەنزىرە
ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل داستانلار ۋەقەلىك
راۋاجلىنىش جەھەتتىن بىر-بىرىدىن مۇئەييەن جەھەت-
تىن پەرقلەنسىمۇ، يەنىلا پۈتكۈل شەرققە ئورتاق
بولغان ۋەقەلىك رامكىسىنىڭ تەسىرى روشەن ئىپادىلى-
نىدۇ، يەنى ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ بىر-بىرىگە غا-
يىۋى ئاشىق بولۇشتىن ئىبارەت ۋەقەلىك مۇتىفىدىن
باشلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ كەچۈرمىشلى-
رى ۋە شۇ جەرياندىكى يامانلىق بىلەن ياخشىلىق ئوت-
تۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇلاردا
يەنە روشەن ھالدىكى خەلق چۆچەكلىرى ئارقىلىق
بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر قاتار ۋەقەلىك مۇتىفلىرى
ئۇچرايمۇ قالىدۇ. ئۈچىنچى، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا
ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ زالىم كۈچلەرگە قارشى
قىلغان كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق خەلقنىڭ
ئەينى دەۋردىكى زۇلمەتلىك تۇزۇمگە ۋە ھەر خىل
قالاق ئۆرپ-ئادەت ۋە ناچار ئەخلاقىي مەسىلەرگە
بولغان چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان داستانلار.
بۇ خىلدىكى داستانلار ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇننى
يەنە ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن: بىرى، خەلق
ئاممىسىنى قوزغاپ زومىگەرلىككە قارشى قىلىنغان
كۈرەش مەدھىيىلەنگەن داستانلار بولۇپ، بۇلارغا
«ئابدۇراخمان خان غوجا» «ياچبەگ» قاتارلىق
داستانلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن، يەنە بىر قىسمى مە-
لۇم شەخسنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەر ئا-
ساسىدا شۇ دەۋردىكى ناھەقچىلىك ئۈستىدىن شىكايەت
قىلىدىغان داستانلاردۇر. بۇلارغا «سېيىت نو-
چى»،«قىزىل گۈلۈم»،«نوزۇگۇم»،«ھەۋزىخان» قا-
تارلىق داستانلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ تۈردىكى
داستانلار پەيدا بولغان ۋاقىت، ئومۇمەن ئۇيغۇرلار تا-
رىخىي جەھەتتىن ئىنتايىن چىرىكلەشكەن، ئېكسپىلاتات-
سىيە ئەۋج ئالغان دەۋردە ياشىغان بولغاچقا، بۇ تۈر-
دىكى داستانلار رېئاللىققا ئىنتايىن يېقىنلىقى ۋە زىددى-



يەتنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك.

ھازىرغا قەدەر تۈرلۈك نەشر ئەپكارلىرىدا ئېلان قىلىنغان خەلق داستانلىرىنىڭ سانى 106 گە يەتتى. بۇ داستانلار ئىچىدە دىققەتكە سازاۋەر داستانلار بىزنىڭچە يەنىلا ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى داستانلار. بۇ داستانلارنىڭ شەرق ئەنئەنىۋى ۋەقەلىك رامكىسى بىلەن تويۇنغان «غېرىب ـ سەنەم» تىپىدىكى داستانلىرىمىز بىلەن بولغان پەرقى شۇكى، ۋەقەلىكى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان مۇشۇ زېمىندا يۈز بەرگەن، ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆتمۈشنىڭ ساداسىدۇر. مىللىي مەزمۇندىكى داستانلار دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ داستانلار ھازىر ئاساسلىق ھالدا قومۇل، قەشقەر، خوتەن ۋە لوپنۇر رايونلىرىغا تارقالغان بولۇپ، شۇ رايونلارنىڭ بىر قاتار فولكلور ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. بۇ بىزگە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاساسلىق تەرەققىي قىلىش تۈپرىقى مۇشۇ رايونلارغا مەركەزلىشىپ قالغانمۇ، قانداق؟ دېگەن تۇيغۇنى كەلتۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، خەلق داستانلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل تەقەززاسىنى قاندۇرىدىغان خەلق تۇرمۇشىدىكى ئالاھىدە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋەقەلىك، شۇنداقلا ئۇنى ئورۇنلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان مۇزىكا شارائىتى، يېتىشكەن سەنئەت مۇھىتى ۋە ئورۇنلىغۇچى سەنئەت-كارلار بولۇش كېرەك. يەنە، «سەنۇبەر»، «غېرىب ـ سەنەم»، «يۈسۈپ ـ ئەھمەد» قاتارلىق داستانلارنىڭ تېكىستلىرىنىڭ مۇقام تېكىستلىرى قىلىنىپ قوللىنىلغانلىقى بىزگە داستانلارنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلاردا كۆپرەك تارقىلىش ئىمكانىيىتى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت تىپىغا كىرسىمۇ، ئاساسلىق جەنۇبىي شىنجاڭدا قەشقەرنى مەركەز قىلغان كۇچا، قەشقەر، خوتەن، ياركەنت قاتارلىق جايلاردا، كۈنچىقىشتا قومۇلنى مەركەز قىلغان ئاساستا تارقالغانلىقىدەك روشەن ئالاھىدىلىكنى ھېس قىلىش مۇمكىن. مۇشۇ ئاساستا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مۇشۇ رايونلاردا بىرقەدەر كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يەرلىك داستانلار بىر قەدەر كەڭ تارقالغان رايونلار ۋە بۇ داستانلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، سىنىپىي زىددىيەت بىر قەدەر كەسكىنلەشكەن دەۋرلەر، شۇنداقلار ئالاھىدە تارىخىي دەۋرلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مەزمۇندىكى داستانلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى يېتەرلىك شەرت بىلەن تەمىن ئەتكەن. يەرلىك داستانلار بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان قومۇل، خوتەن ۋە قەشقەرگە دىققەت نەزەرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، قومۇلنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن تۇتىشىدىغان ئېغىز بولۇشتەك ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنىنى، قەشقەرنىڭ ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇشتەك ئورنىنى ۋە خوتەننىڭ چەت ـ يىراق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلماي قالالمايمىز.

مەزمۇن جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان بۇنداق داستانلار (ئېپوسلار كۆزدە تۇتۇلمىدى) نىڭ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان تارىخىي دەۋرىنى گەرچە

يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك فېئوداللىق دەۋرنىڭ ئاخىرقى
ۋاقىتلىرى دەپ قارساقمۇ، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇنىڭ
تەرەققىي تاپقان دەۋرنى ئومۇمەن مۇنداق بىر قانچە
تارىخىي دەۋرلەرگە ئايرىساق بولىدۇ، دەپ قارايمەن:

بىرىنچى، خوجىلار دەۋرى

بۇ دەۋر شىنجاڭ تارىخىدىكى ئۇرۇش–تالاش ۋە مەز-
ھەپچىلىك ئىنتايىن ئېغىر بولغان، سوپى- ئىشانلار
سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىكىنىمۇ بەك-
رەك ھەددىدىن ئاشقان،«ئاق تاغلىقلار» بىلەن «قارا
تاغلىقلار» شىنجاڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلارغا چۈمك-
گەن دەۋر بولغاچقا، خەلق ئاممىسى بۇنداق زور تا-
رىخىي مەزمۇنلارنى خەلق داستانلىرى ئارقىلىق ئەكس
ئەتتۈرۈپ بەردى. نەتىجىدە قومۇل رايونىدا، جۇڭغ-
ار تۆرىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئېلىپ بارغان قەھ-
رىمانلىق ئىش –ئىزلىرى، جۇڭغارلارنىڭ قومۇل خەل-
قىگە كەلتۈرگەن تۈرلۈك ئاپەتلىرى بايان قىلىنغان ۋە
شۇ ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۇتتۇرىغا
قويۇلغان داستان «ياچىبەگ» داستانى مەيدانغا كەل-
دى. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «قەمەرشاھ - شەمسى
جانان» ،«بوزىيگىت »،«سەنۇبەر»،«شاھزادە پەر-
رۇخ» قاتارلىق داستانلارنىڭ قويۇق رومانتىزملىق ئالا-
ھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭدا كۆرۈلىدىغان فولكلور ئامىللىرى
ئاساسىدا ئۇلارنى خوجىلار دەۋرىدە پەيدا بولغان ياكى
مۇكەممەللەشكەن داستانلار قاتارىغا مەنسۇپ دەپ
قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «شاھ ئادىلخان» داستانى دەل
مۇشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا يەتتە نە-
پەر قەلەندەرنىڭ پادىشاھتىن تاجۇ تەختىنى قىرىق
كۈنلۈك سورىغانلىقى، پادىشاھنىڭ ئۇلارغا خانلىقنى
بەرگەنلىكى، بۇ يەتتە قەلەندەرنىڭ تەختتە ئول-
تۇرغان ۋاقتتا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانلىقى با-
يان قىلىنىدۇ. داستاندا ئىپادىلەنگەن بىر قاتار سىمۋول-
لۇق بايانلاردىن بىز خەلق ئاممىسىنىڭ قەلەندەر–
دەرۋىشلەر ئوبرازى ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئىشان–
خوجىلاردىن جاق تويغانلىقىدەك روھىي ھالىتى بىلەن
ئىلگىرىكى تىنچ دەۋرلەرنى سېغىنغانلىقى ئوتتۇرىغا قو-
يۇلغان. خەلقنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ئۇرۇقلىرىنىڭ
چېچىلىشىغا قاراپ تۇرغان قابىلىيەتسىز، سىياسىي
-دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز بولغان ئاتال-
مىش« ئادىل پادىشاھ»نى قاتتىق مەسخىرە قىل-
غان .«بۇ دەۋردىكى خەلق داستانلىرى رېئال ۋەقەلەرنى
فانتازىيە شەكلى بىلەن نىقابلاپ يېرىم رېئاللىنى، يېرىم
خىيالىي ئاساستا بايان قىلغانلىقى ۋە سيۇژېتلىرىنىڭ
جانلىق، قىزىقارلىق، ئۆزگىرىشچانلىقتا ئىگە بولۇشى،
ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە نەسر ۋە نەزىم ئارىلاش
يېزىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ »② شۇنداقلا تىل
جەھەتتىن يازما ئەدەبىيات ۋە ئەرەب- پارس تىلىنىڭ
تەسىرى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ئەرەبىي، پارسىي
ئىبارىلەردىن باشقىسى ئومۇمەن گۈزەل ۋە ئاددىي
خەلق تىلىدىن ئىبارەتلىكى بىلەن بىزدە ئۇيغۇر خەلق
داستانلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلىش دەۋرى كەلگەنلىكىدىن
دېرەك بېرىدۇ. بۇ دەۋر داستانلىرى خەلققە شۇنچىلىك
يېقىنكى، ئۇ ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن بۇيان مەۋجۇت
بولۇپ كېلىۋاتقان ۋە ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ
تەسىرىدە تېخىمۇ تاكامۇللاشقان ئارۇز ۋەزنىلىك تې-
كىستلەردىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، خەلق قوشاقلىرى-
نىڭ شەكلى بولغان مۇرەببە شەكلىنى كەڭ كۆلەم-
دە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلاردا يەنە خەلق چۆچەك-
لىرىنىڭ ئامىللىرىمۇ بىر قەدەر قويۇق بولۇپ، چۆ-
چەكلەردىكى« پادىشاھنىڭ بالا تىلەش مۇتىفى»،«غا-
يىبانە ئاشىق بولۇش موتىفى»،«يۇرتقا پادىشاھ تاللاش
موتىفى» قاتارلىقلارنىڭ زەنجىرسىمان كىرىشتۈرۈلگەن
شەكلىنى ئۇچرىتىش تامامەن مۇمكىن. نەزمىي شەك-
لىمۇ خەلق چۆچەكلىرىگە يېقىن بولۇپ، ئورۇنلىنىش
جەھەتتە خاس نەزمىي بولۇشتەك قىينچىلىقتىن قۇ-

تۇلغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنى خەلق چۆچەكلى-
رىنىڭ ۋەقەلىك تەرتىپى بويىچە كەڭ تارقىلىدىغان،
ئەل ئەستە قالدۇرۇلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىل-
غان. نەتىجىدە بۇ تۈردىكى داستانلار خەلق ئارىسىدا
ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئورۇندىلىش جەھەت-
تە سازەندىلەرگە تېپىك شەرق داستانلىرىنى ئورۇندى-
غانغا ئوخشاش قاتتىق تەلەپ قويۇلمايدىغان شارائىتنى
مەيدانغا كەلتۈرگەن ۋە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەل-
گەن.

**ئىككىنچى، چاغاتاي خانلىقى دەۋرى**

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئۈلگىسى سۈپى-
تىدە «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» داستانىنى تىلغا ئېلىش
مۇمكىن. «داستاندا بايان قىلىنغان ئىشلار موغۇل
ئىستېلاسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئۇزاق تارىخىي دەۋر-
لەر جەريانىدا بولۇپ ئۆتكەن خانلىقلار ۋە چاغاتاي
ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرالار››③ با-
يان قىلىنغان بولۇپ،داستاندا تىلغا ئېلىنغان ئىسپا-
ھان ( جەنۇبىي ئەزەربەيجان )،خارەزىم، ئۈرگەنچ،
چىن ماچىن ( خوتەن ) قاتارلىق جايلارنىڭ ئەينى
ۋاقىتتا قاراخانىيلارغا، چاغاتاي ئۇلۇسىغا ۋە تۈركىي
قەبىلىلەردىن بولغان سالجۇقلار سۇلتانلىقىغا تەۋە
بولغان زېمىنلار ئىكەنلىكىگە قاراپ، داستان ۋەقەلىك-
نىڭ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ۋە
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق پائالىيىتى تەسۋىرلەن-
گەن خەلق داستانى ئىكەنلىكىنى بىلىش قىيىن ئە-
مەس.››④بۇ داستان چاغاتاي خاندانلىقى دەۋرىدىكى
مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان، پەلسەپە يۈكسەلگەن
دەۋردە پىشىپ ـ يېتىلگەنلىكىتىن، ئۆزىنىڭ بەدىئىي
ئالاھىدىلىكىدىن كۆرە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ئى-
گە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ دەۋردە
ئەلۋەتتە مۇھەببەت داستانلىرىغا مەنسۇپ بولمىش
باشقا داستانلارمۇ ئۆز يولىدا تەرەققىي قىلغان، ئەل-
ۋەتتە.

**ئۈچىنچى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى**

بۇ دەۋر ھەممە كىشىگە مەلۇم بولغىنىدەك پۈتۈن-
كۆل جۇڭگودا زۇلمەت ھەددىدىن ئاشقان، خەلق ئې-
زىلگەن، دۆلەت خاراپلاشقان مەزگىل بولۇپ، خەلق
ئاممىسى زۇلۇمغا قارشى كۆرەش قىلىشنى توختىتىپ
قويمىغان ۋە ھەرقايسى رايونلاردا ھەر خىل كۆلەم-
دىكى قوزغىلاڭلار پارتلىغان بولغاچقا، بۇ دەۋر ئە-
دەبىياتى رېئاللىققا ئەڭ يېقىن بولغان. بۇ چاغلاردا
مەيدانغا كەلگەن داستانلاردىن «نوزۇگۇم» داستا-
نى،«ئابدۇراخمان خان غوجا» داستانى،«سېيىت نو-
چى» داستانى،«تۆمۈر خەلپە» قاتارلىقلارنى مىسالغا
ئالالايمىز. گەرچە بۇ داستانلارنىڭ تارقالغان رايونى
ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان
غەزەپ نەپرەت يېغىپ تۇرىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئالاھىدە
خاراكتېر بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان داستانلار-
دىن يەنە لوپنۇر ۋادىسىدا تارقالغان «قىزىل گۈلۈم»
داستانىنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن. داستاندا مانجۇ ھۆ-
كۈمىتىنىڭ خەلقنى خالىغانچە ئەسكەرلىككە تۇتۇشتەك



قىلمىشلىرى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاچ-يالىڭاچ تۇرمۇشى ۋە شۇ دەۋر ياشلىرىنىڭ ئەركىن مۇھەببەتىنى ۋاستە قىلغان ھۇزۇلۇككە بولغان ئىنتىلىشىنى كۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. داستان لوپنۇردىن ئىبارەت بىر قەدەر بېكىنمە مۇھىتتا يارىتىلغان ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بولغاچ-قا، ۋەقەلىكنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى مەشھۇر رېئالىزم-لىق داستان «رابىئە - سەئىدىن»دىن پەرقلىنىدۇ. يەنى ئۇ بارلىق مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ ئاخىرلاشتۇرۇشتىكى تراگېدىيىلىك ئاخىرلاشتۇرۇشتەك يول بىلەن ئەمەس بەلكى داستاننىڭ باش قەھرىمانى بۇلبۇل بىلەن قى-زىلگۈلنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى زالىم كۈچلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇپ، چۆل-باياۋانلارغا بېرىپ ماكانلىشىشتەك ئۈمىدۋار ۋە جەڭگىۋار ئۇسلۇب ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇلغان. بۇ نۇقتىدا بۇ ئەسەر مۇھەببەت داستانلىرىغا سېلىشتۇر-غاندا تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق چىققان بولۇپ، خەلق چۆ-چەكلىرىنىڭ ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلىغا ياندىشالىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر.

**تۆتىنچى، گومىنداڭ دەۋرىدىكى داستانلار**

بۇ دەۋردە خوتەندە« ئەبەيدۇللاخان »،«ەۋزىخان» ،«شېرىپ بوجاڭ»، «ئەيسابەگ» قاتارلىق داستانلار پەيدا بولدى، قومۇلدا «خوجىنىياز ھاجى» داستانى مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋردە داستانلارنىڭ مۇھىم نۇق-تىسى قومۇل ۋە خوتەنگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، خەلق ئارىسىدا يۈز بەرگەن تەسىرلىك ئىش -ئىزلارنى ۋە تارىخي شەخسلەرنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۇرۇش ئاساسي مېلودىيە بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە «خوجنىياز ھاجى »داستانى بۇ دەۋردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك داستان بولۇپ، خەلق تىلغا يې-قىنلىقى، كەڭ تارقالغانلىقى شۇنداقلا جەڭگىۋارلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. خوتەن خەلق داستانلى-رى مۇشۇ دەۋردىكى يارقىن نوقتا بولۇپ، ئۇ زامان-مىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇيغۇر داستانلىرىنى تېرىك مەدەنىيەت سۈپىتىدە ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن تېخىمۇ قىممەتلىك.

دېمەك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېپوس دەۋرىدىن باشلى-نىپ، شەرق ئەنئەنۋى ۋەقەلىكلىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان داستانچىلىقى، فېئودالىزمنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىكى تۈرلۈك سىياسىي ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش-لەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىچە مەزمۇن خاراكتېرگە ئىگە بولغان، مۇكەممەللەشكەن ۋە گومىنداڭ دەۋرىدىكى بىر قاتار سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ ۋە ئىجتىمائىي ھايات-نىڭ كارتىنىسى سۈپىتىدىكى داستانلار ئارقىلىق زامان-مىزغىچە يېتىپ كېلىپ، ئۆزىگە خاس مىللىي مەز-مۇنغا ئىگە بولغان ژانىرلىق ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان. ئەمما نۆۋەتتە زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تۇرمۇ-شىمىزغا سىڭىپ كىرىشى، خەلق تۇرمۇشىدىكى كۆ-ڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىنىڭ كۆپىيىشى، تۇرمۇش رى-تىمىنىڭ تېزلىشىشىغا ئەگىشىپ داستانلارنىڭ ئېيتىلىش سورۇنى بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتتى ،شۇنداقلا مەددا، ۋائىزلارمۇ بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. داستان-چىلىقنىڭ بۇ خىل پەسكويغا چۈشۈپ قېلىشى ئاۋۋال ئاقسۇ، كورلا رايونىدا، ئاندىن قومۇل ۋە قەشقەر رايونىدا، ئاخىرىدا خوتەندە كۆرۈلمەكتە. خوتەن ۋە قومۇلدا ھازىرغا قەدەر خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قاتار داستانلار ۋە بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللى-نىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن بىز ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى بايقىيالايمىز.

**2 . داستانچىلىقىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى**

مىللىي مەزمۇندىكى داستانلار نۆۋەتتە ئاساسلىق قومۇل ۋە خوتەندە ساقلانغان بولۇپ، بۇ ئىككى جايدىكى داستانچىلارنىڭ داستان ئېيتىش ۋە ساقلاش ئەھۋالى بىر -بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، ساقلى-

نىش شەكلى جەھەتتىن: قومۇلدا خەلق داستانلىرى قاتارىدا سانىلىپ كېلىنىۋاتقان «ياچىبەگ»، «زىنداندىكى توختاخۇن»، «ئىسلام بېگىم»، «ئۆمەر باتۇر»، «تۇمۇر خەلپە» قاتارلىق داستانلار قومۇل مۇقامىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، مۇقاملار ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان. بۇلارغا خەلق ئەل نەغمىچىلىرى ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، مەخسۇس داستانلارنىلا ئېيتىش ۋە ئۇنى كەسىپ قىلىش يوقالغان) ياچىبەگ داستانى ھازىر ئايرىم ئېيتىلىدىغان شەكىل مىراس ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى يۈسۈپ ئىسھاق ئەپەندى بۇ داستاننىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىۋاتقان پارچىلىرىنى توپلاپ، خەلق مۇقامچىسى ئىبراھىم ياقۇپقا قايتىدىن ئېيتقۇزغان ۋە نەتىجىدە بۇ داستاننىڭ مۇستەقىل ئېيتىلىدىغان شەكلى مەيدانغا كەلگەن. بۇنداق رەتلەپ قۇتقۇزۇش خىزمىتى دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئۆز نۆۋىتىدە قومۇل مۇقاملىرى ھازىرغا قەدەر ئېيتىلىۋاتقان ۋە زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغاچقا، بۇ داستانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتكىچە داۋاملىق ئېيتىلىشىغا ئىشەنچ قىلالايمىز. خوتەن داستانلىرى بولسا مۇستەقىل ئېيتىلىش ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە خوتەندىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنى بويلاپ تارقالغان بولۇپ، قارىقاش ناھىيىسىگە بىرقەدەر مەركەزلەشكەن. داستانلارنى مەخسۇس داستانچى دەپ ئاتالغان بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن ساقلاپ قالغان ۋە كەسىپلەشكەن. ئىككىنچىدىن، ئېيتىلىش سورۇنى جەھەتتىن، قومۇل رايونىدا داستانلار قومۇل ئەلنەغمە، مەشرەپلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ ئېيتىلغان بولسا، خوتەندە كۆپىنچە داستان ئۈچۈن مەخسۇس سورۇن ھازىرلىنىدىغان ئالاھىدىلىك مەۋجۇت. بىزنىڭ داستانچىلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشىمىزدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، نۆۋەتتە خوتەندە داستان ئېيتىۋاتقان ۋە ئۇنى ساقلاۋاتقان كىشىلەر ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن. بىر قىسىم شىلە مۇھەممەت ئاكا ۋەكىللىكىدىكى بازارلار- رەستىلەردە داستان ئېيتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداۋاتقان كىشىلەر بولۇپ، بۇلار: شاھمۇھەممەت ئاكا، ئۆبۇلھەسەن قارىم، جۇمە نۇرى، ھېيتىناز باقى قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، بۇلار بازار قوغلىشىپ داستان ئېيتىدىكەن، يەنى ئۇلار قارىقاشنى مەركەز قىلغان ئاساستا، ھەرقايسى يېزىلارنىڭ يەكشەنبىدىن باشقا كۈنلەردىمۇ ئايرىم —ئايرىم بازار (سودا) كۈنى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرنى تۇتقا قىلىپ، قايسى كۈنى قايسى يېزىنىڭ بازىرى قىزىسا شۇ كۈنى شۇ يېزىنىڭ بازىرىغا بارىدىكەن. داستان ئېيتىش بىر قەدەر كۈچ تەلەپ قىلىدىغان پائالىيەت بولغاچقا، ئادەتتە بۇ تۆت داستانچى تەبىئىي ھالدا ئىككى- ئىككىدىن بىر گۇرۇپپا بولۇۋېلىپ، بىر—بىرىگە دوست تارتىشىپ ئېيتىدىكەن. دېمەكچىكى، ئالدىنقىسى بىر داستاننى ئېيتىپ بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ سەدىقىسىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىرى ئاندىن كېيىن يەنە بىر داستاننى باشلايدىكەن ۋە مۇشۇ بويىچە داۋاملاشتۇرىدىكەن.

ئىگىلىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ داستان ئېيتىشتىكى كۈن تەرتىپى مۇنداق: يەكشەنبە كۈنى قارىقاش بازار ئىچىدە)بىر گۇرۇپپا ھازىرقى چوڭ جامەنىڭ ئالدىدىكى كوچىنىڭ ئىچىدىكى سۆگەتلىكنىڭ يېنىدا، يەنە بىر گۇرۇپپا قارىقاش چوڭقۇر بازار- دېھقان بازىرىنىڭ كۆكتات بازىرى ئىچىدە .(، دۈشەنبە كۈنى زاۋا يېزىسىدا، سەيشەنبە كۈنى خوتەن ناھىيە باغچى يېزىسىدا، پەيشەنبە كۈنى خوتەن ناھىيە ئىلچى بېشى ساياھەت ئورنى ياكى سەھۋالىم ساياھەت بازىرىدا، جۈمە كۈنى ئىمامى ئەپتەر تۇپراق بېشى سەيلىگاھىدا، شەنبە كۈنى ئادەتتە ئارام ئالىدىكەن، ئالاھىدە ئەھۋالدا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شەنبە بازىرى ياكى گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ، سامپۇل، ئىسلامئاباد قاتارلىق جايلاردا

بولۇۋېتىپتۇ. ئادەتتە دېھقانچىلىقنىڭ ئارا مەزگىلىدە
ئۇلارنىڭ داستانلىرىنى ئاڭلايدىغان ئادەم بىر قەدەر
كۆپ بولۇپ، كۆپ بولغاندا 150_200، ئاز
بولغاندا 30_50گىچە ئادەم داستان ئاڭلايدىكەن.
ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە سەدىقە بەرگۈچىلەرمۇ، بەرمە-
گۈچىلەرمۇ بولىدىكەن. شۇ مۇھەممەت ئاكىنىڭ ئايالى
ھازىرقى ئايالى تۇرسۇننىيازخاننىڭ دەپ بېرىشىچە
شاھمۇھەممەت ئاكا بىر قەدەر مويسىپىت ۋە خەلق
ئارىسىدا ھۆرمىتى بولغاچقا بىر كۈندە ئەڭ كۆپ
بولغاندا 300يۈەن ئەتراپىدا پۇل تاپالايدىكەن. ئاز
بولغاندىمۇ يۈز يۈەندىن چۈشمەيدىكەن. شۇ مۇھەم-
مەت ئاكىنىڭ شاگىرتى ئوبۇلھەسەن ئاخۇن ئاكا بىر
كۈندە 100يۈەندىن 150يۈەنگىچە كىرىم قىلىۋېتىپتۇ.
جۈمە نۆرى بولسا بىر كۈندە 80يۈەندىن 120يۈەن-
گىچە كىرىم قىلالايدىكەن. ھېيتنىياز باقى بولسا پۈ-
تۈنلەي نەسرىي داستان ئېيتىپ كەلگەن بولۇپ، كۈ-
نىگە ئوتتۇز يۈەندىن ئاتمىش يۈەنگىچە كىرىم قىلىۋې-
تىپتۇ. خوتەندە داستان ساقلاپ، ئېيتىپ كېلىۋاتقان
كىشىلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى داستاننى ئاشكارا سو-
رۇنلاردا، ئادەم توپلاشقان جايلاردا ئېيتىشنى ئانچە
خالاپ كەتمەيدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇلار قارىقاش
ناھىيىسىدىن مەشھۇر خەلق داستانچىسى ئابلىمىت قا-
رىم، تۇردى مۇھەممەت قارىم. مەھەممەت توختى
داكا، مەتمىن نۆرى. كېرىيە ناھىيىسىدىن مەتقاسىم
قۇربان، روزى تۆمۈر، ئېبدى بارات، ئۆمەر ھوشۇر
قاتارلىقلار. بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ راۋاب ياكى تەم-
بۇر قاتارلىق چەكمە سازلارنى چالالايدىغانلىقىدەك
ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن داستانلارنى ساقلاپ قالغان.
شۇ مەھەللە ئىچىدىكى تۇرلۇك مەشرەپ ئولتۇ-
رۇشلاردا داستان ئېيتىپ كەپتۇ. بۇلار ئادەتتە داستان
ئېيتىش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرالمايدىكەن ياكى داستان
ئېيتىدىغان مۇقىم سورۇنغا ئېگە ئەمەس ئىكەن⑤ ئۇ-
چىنچىدىن، ئاھاڭ- كۈي شەكىل جەھەتتىن پەرق
روشەن بولۇپ، قومۇل مۇقاملىرى قۇمۇل ناخشىلىرى-
نىڭ مۇزىكا ۋە ئورۇندىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بول-
غاچقا، ئاھاڭ ئۆزگىرىشى بىر قەدەر مۇرەككەپ، لى-
رىكىلىقى كۈچلۈك، ئاھاڭ تەكرارلىقى ئاز. ئەمما خو-
تەندە ھازىر ئېيتىلىۋاتقان داستانلاردىن «يۈسۈپ-
ئەھمەد» تىن باشقىلىرى كۆپ خىل ئاھاڭ ئۆزگىرى-
شىگە ئىگە ئەمەس، كۆپ بولغاندا ئۈچ خىل ئاھاڭ
ئۆزگىرىشى بويىچە ئېيتىلىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارى-
ماي، خوتەندە ئېيتىلىۋاتقان داستانلارمۇ ئاھاڭ جەھەت-
تىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى، رى-
تىمىنىڭ ئېنىق بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. قومۇل
داستانلىرى قومۇل راۋابى ۋە غىرجەكنى تەڭكەش
قىلغان ھالدا ئورۇندالسا، خوتەن داستانلىرى ئاساسلىق
تەمبۇر ۋە راۋابنى مەركەز قىلغان ئاساستا ئېيتىلىدۇ.
نۆۋەتتە بايقىشىمىزچە بۇ ئىككى رايوندا بىر قىسىم دى-
نىي مەزمۇندىكى داستانىسمان پارچىلاردىن باشقا ئور-
تاق ئاھاڭ ۋە ئورتاق تېكىستتە ئېيتىلىدىغان داستان
ئاساسەن بايقالمىدى. پەقەت «يۈسۈپ- ئەھمەد»
داستانىلا ھەر ئىككى يۇرتتا تارقالغان، ئەمما تېكىست،
مۇزىكا، ئورۇندىلىش شەكلى جەھەتتىن كەسكىن
ئۆزگىرىش ياسىغان. تۆتىنچىدىن، خوتەندە ھازىرغا
قەدەر ۋائىز نامىدا داستان تارقىلىۋاتقان مەدەنىيەت ھا-
دىسىسى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ خىل داستان ئېيتىش
شەكلىدە مۇزىكا تەڭكەش قىلىنماستىن ساپ بايانىي
شەكلىدە ئاڭلارمەنلەرگە سۇنۇلىدۇ. بۇ خوتەن
داستانچىلىقىنىڭ نەزمىي شەكلىدىن باشقا نەسرىي
شەكلىگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

### 3. مىللىي داستانچىلىقنىڭ ساقلىنىش يۆلىنىشى

ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان ۋە ئېيتىلىۋاتقان داستان-
لىرىمىزدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر داستانچىلىقى
گۈللەنگەن بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ،

ئەمما ھازىر بارغانسېرى تار مەدەنىيەت رامكىسى ئىچى-
گە بوغۇلۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى داستان ئېيت-
تالايدىغان كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى ياشىنىپ كېتىۋېتى-
شى، بۇ تەۋەررۈك مىراسنى ئەۋلادلارغا يەت-
كۈزۈپ بېرىدىغان ياش داستان ئېيتقۇچىلارنىڭ كەم
بولۇشى كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى.
قۇمۇلنى ئالايلى: ھازىر قۇمۇل داستانلىرىنى ساقلاپ
كېلىۋاتقان ئىبراھىم ياقۇپنىڭ ئېيتىشىچە: ئانىسى زەي-
ناپخان «سەنۇبەر»، «يۇسۇپ— ئەھمەد» قاتار-
لىق داستانلارنى پىششىق بىلەتتى. يەنە قۇمۇلنىڭ ئال-
تۇنلۇقتا ئۆتكەن قادىر ئىشان دېگەن كىشىمۇ بۇ ئىك-
كى داستاننى تەمبۇر ئارقىلىق يۇقىرى ماھارەتتە ئو-
رۇندىيالايتتى. ئەپسۇسكى، بۇ كىشىلەر ھازىر ئالەمدىن
ئۆتتى⑥شۇڭا بىز قۇمۇلدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ئىككى
داستاننى تىرىك مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە تەت-
قىق قىلىش ئىمكانىيىتىدىن قۇرۇق قالدۇق. ھەر ھالدا
ئىبراھىم ياقۇپ ئادىلجان بەكرى (قۇمۇل شەھىرى
شەھەر ئىچى يېزىسى مەدەنىيەت پونكىتىدا)، كېرەم
(دېھقان) قاتارلىق شاگىرتلارنى تەربىيىلەۋېتىپتۇ.خو-
تەندىمۇ داستانلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىش ئەھۋالىدىن
رازى بولۇشقا ئامالسىزمىز.كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى ئا-
ساسىدا شاھمۇھەممەت ئاكا (99)ياش ئىلگىرى ئۇ-
بۇلھەسەن قارىم55)ياش، جۇمە نۇرى(32ياش)
قاتارلىق ئىككى شاگىرت تەربىيىلىگەن ئىكەن. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن باشقا داستانچىلار شاگىرت قوبۇل قىل-
ماپتۇ ياكى كىشىلەر بۇ كەسپكە قىزىقماپتۇ. مەشھۇر
داستانچى ئابلىمىت قارىم خوتەن خەلق داستانلىرىنىڭ
ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان «ھەۋزى-
خان»، «بىنامازچۇق»، «باي نەزەر»، «يالپۇز-
خان»، «ئەبەيدۇللاخان»، «ئوسمانبەگ شاھ»، «ئۆتمۇش
ۋە بۈگۈن» (ئىجادىي داستان)، «مەشۇقۇم»، «كۆرسە-
لە»، «سادىق تۇيتەللە» قاتارلىق داستانلارنى مۇرەك-
كەپ ئاھاڭ ئۆزگىرىشلىرى بويىچە ئېيتالايتتى. ئەمما
ھازىر بۇ كىشى ھايالسىزلا ياشىنىپ ئەقلىي قابىلىيىتى
تېز سۈرئەتتە چېكىنىپتۇ. بىز بارغاندا بۇ كىشى بىزگە
بىرمۇ داستاننى ئېيتىپ بېرەلمىدى.⑦

خەلق داستانچىلىقىمىزنىڭ نۆۋەتتە خوتەن ۋە قۇ-
مۇلدىن ئىبارەت قايناق بۇلاقلىرىنىڭمۇ قۇرۇۋاتقانلىقى-
دىن ئىبارەت رېئاللىق بىزگە خەلق داستانچىلىقىنىڭ
تەدرىجىي سۇسلىشىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ زامانىۋى
مەدەنىيەتنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى كۈچلۈك تەسىرىدىن
باشقا، داستان ئېيتىشنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئارى-
مىزدىن مەڭگۈلۈك كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنىڭ-
دىن باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەردىن جايلاردىكى بىر قى-
سىم مەدەنىيەت ئىدارىلىرى داستانچىلارغا ھەقىقىي
كۆڭۈل بۆلمەستىن ئۇلارغا ھېيت- بايراملاردا ئاز-
دۇر- كۆپتۇر«ھېيتلىق» بېرىش بىلەن چەكلىنىپ قې-
لىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ كىشىلەر ئۆزلىرى ساقلاپ
كېلىۋاتقان بۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ھەقىقىي مە-
نىسىنى چۈشىنىشتىن يىراق. شۇڭا ئۇيغۇر داستانچىلى-
قىنى مۇۋاپىق ئۇسۇل- چارىلەر ئارقىلىق قۇتقۇزۇپ
قېلىش نۆۋەتتىكى پەن-تەتقىقات خادىملىرى ۋە مەدە-
نىيەت ساھەسىدىكى كىشىلەر جىددىي ئىشلەشكە تې-
گىشلىك مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى.


كۆرسەتكۈچلەر:

① ئوسمان ئىسمائىل تارىم «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 628-بەت

② ئابدۇرېھىم سابىت تۇزگەن:« ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 2-كىتاب،1-قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان،1983-يىل ئۆكتەبىر،170-بەت.

③④يۇقىرىقى كىتاب بىرىنچى كىتاب،2-قىسىم،85-بەت.

⑤⑦ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە:«خوتەن داستانچىلىقىدىن ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا بىر نەزەر»« شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2007-يىل 4-سان.

⑥دوكتور ئوسمان ئىسمائىل تارىم ۋە ئاپتورنىڭ قۇمۇل مۇقامچىسى ئىبراھىم ياقۇپ بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارەت خاتىرىسى.


(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئەدەبىيات پەنلىرى لېكتورى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى).

# كۈنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى

ن . ف . كاتانوف (روسىيە)



*تەھرىر ئىلاۋىسى:ئوقۇرمەنلەر نەزەرىگە سۇنۇلۇۋاتقان بۇ ئەسەر روسىيىدىكى خاكاس تۈركلىرىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىم نىكولاي فېدوروۋىچ كاتانوف 1891 ـ 1892 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا قىزىلسۇ، تۇرپان، قومۇللاردا خەلق ئاغزىدىن يىغقان فولكلور ماتېرىياللىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى تىل، جەمئىيەت، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا تېپىلغۇسىز قىممەتلىك بىرىنچى قول مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ئالىم ئۇيغۇرلارنى فولكلور ۋە تىل نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ماتېرىياللار خەلق ئاغزىدىن قانداق چىققان بولسا شۇ پېتى خاتىرىلەنگەن. ئەدەبىي جەھەتتىنمۇ ھېچقانداق پىششىقلانمىغان. شۇڭا، بىزمۇ بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى پايدىلىنىش قىممىتىنى نەزەرگە تۇتۇپ، ئۆز پېتى نەشرگە تەييارلىدۇق. ئەينى دەۋردىكى «چەنتو»، «تۇڭگەن»...دېگەندەك ئېتنىك ناملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مىللىي كىملىكىنىڭ ۋە ئەتراپىكى خەلقلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ ئىنكاسى بولغاچقا، ئۆز پېتى ئالدۇق. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.*

**قومۇللۇق چەنتونىڭ ھەر كۈللۈگى قىلغان ئىشىنىڭ بايانى**

**بوسۇق نىياز، قومۇل.(1892 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى )**

ئەر كىشىنىڭ قىلغان ئىشى شۇنداق تۇرۇر. تۇرۇك ئەدەم بولساما، موللا ئەدەم بولساما، ھەر كۈللۈگى بەش گاخ ناماز ئۇتەيدو. موللالار بولسا، خەتپۇتۇپ قۇرئان ئوقۇيدو. تالادىن ئوتۇننى ئەر كىشى ئاپكەلەدو، يە ئىشەك بىرلەن، يە ئاراباغا قوشقان ئات بىرلەن. تېرىقچىلىق قىلىپ ئاشلىقنى تېرىيدو، سۇغارادو، ئورادو. ئەر كىشى ئورغان ئاشلىقنى خوتۇنلار باغلايدو.ئاشلىقنىڭ باغلىرىنى ئاراباغا ئەرەنلەر بوسۇرادو. ئاشلىقنى ياشقان ئاتنى ئەرەنلەرما ھايدايدو، خوتۇنلارما ھايدايدو. ئوتۇننى ئوچاققا خوتۇن كىشى قالايدو. ھەر نۇچۇك ئاش بولسا، خوتۇن كىشى پۇشۇرادو. ئېگىننىما خوتۇن تىكەدو، ئۆتۈكنى ئەر كىشى تىكەدو. باللارنىما خوتۇن باقادو. خوتۇنى ئاغرىپ قالسا، شۇنۇڭ ئىشىنى ئەر كىشى قىلادو. ئىنەكنى خوتۇن كىشى ساغادو. كىزنى①، قېمىشنى تولسى ئەر كىشى قىلادو. ساتادوغان نان بولسا، ئەر كىشى قىلادو؛ ئۆزى يەيدوغان نان بولسا، خوتۇن كىشى قىلادو. سۇنى ئېرىقتىنما، غۇدۇقتىنما خوتۇن كىشى ئاپكەلەدو، سۇنى ئاپكەلگىلى ئەر كىشى ئۇياتادو. ئورۇننى سالغىنى خوتۇن كىشدۇر. تەمكىنى ئەر كىشى تارتادو، ئون ـ ئون بەش ياشار يىگىتلەرما تارتادو. خوتۇنلار چىلىم غاڭسا تارتماي بۇرۇنغا تارتادو. ئاراقنى ئەر كىشما ئىچەدو، خوتۇنما تولا ئىچەدو. ئاراقنى ئۆزلىرى قىلمايدو، خەنزۇدىن سېتىپ ئالادو. ئاراقنىڭ باھاسى بىر جىڭنىڭ ئالتى پۇڭ بولادو، يەتتى بولادۇ. قومۇللۇقتىن گىلەم، بۆز توقۇيدوغان ئەر كىشلەرما بار، مىسكەرچىلىك قىلادوغىنىما بار.خەت بىلەدوغان خوتۇنلارما بىزنىڭ خەقتە بار. باللارنى كىتاپقا ئوقۇتقان خوتۇنلارما بار.

**چەنتو خەقنىڭ ھېيلىرى**

**نايخان، تۇرپان لوگۇچەن (1892 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)**

لوكچۇندە ھاراق ئىچەدوغان خەق تولا. گاڭدىن، ئۈچ تەجدىن تارتىپ پۇقاراغىچە: ئەر كىشما ئىچەدو،

خوتۇن كىشىمۇ ئىچەدۇ، يىگىت باللارمۇ ئىچەدۇ. تەمەكىنى تارتىدىغان خەق تولا: ئەر خەقمۇ تارتىدۇ، خوتۇن خەقمۇ تارتىدۇ، ياش باللارمۇ تارتىدۇ. تەمەكى تارتمايدىغان خەق شۇ گاختا ئازدۇر. تۇقسۇللۇق خەق ھاراقنى ئاز ئىچەدۇ، تەمەكىنىمۇ ئاز تارتىدۇ. ئاپيىن تارتىدىغان خەق، ئۈچ تەجىدىن تارتىپ، تولا خەقنىڭ ئارىسىدا بار: خوتۇللارمۇ تارتىدۇ، ئەر خەقمۇ تولا تارتىدۇ. ئاپيىننى يەيدىغىنىمۇ تولا بار. بالدىر ناسنى بىزنىڭ خەق بىلمەيدىغان ئىكەن، بەدەۋلەتنىڭ زامانىدىن باشلاپ شۇ ناسنى ئەر خەقمۇ، خوتۇن خەقمۇ ھەممىسى بىلىپ ئالدى.

## چەنتو خەقنىڭ مۇنەرلىرى

بىزنىڭ خەقنىڭ ئارىسىدا ئۆتۈك تىكەدىغان ئادەم بار، بۆز توقۇيدىغان ئادەم، بۆز بويايدىغان، ئىگىل تىكەدىغان سەيپۇڭ بار. بىلىق تۇتادىغان ئادەم يوق، دەريادا سۇ بولماغاندىن كېيىن سۇدا ئۈزەدىغان ئادەم بىرمۇ يوق. چەنتو ئارىسىدا مىسكەر يوق، تۆمۈرچى تولا، پەرەڭ ئورۇسنىڭ مىلتىقلىرىغا ئوخشاشمۇ سوقادىغان تۆمۈرچىلەرمۇ بار. مۇجاڭنىڭ ئارىسدامۇ تولا ئۇستالار بار. پالگانلار تولا، بۇغا ئاتادۇ، ئىيىق، بۆرە، تۈلكى، ئۆردەك، غاز، قۇ، قودا، لەگلەك، تۇرنالارنى ئاتادۇ. ئۆردەكتىن بۆلەك قۇش مۇندا يوق، ھەممىسنى ئەرتە يازدا، كۈزدە ئاتادۇ، بۇ يەرلەردىن ئۆتەدىغان گاختا. چەنتونىڭ ئارىسىدا تۆمۈرچى تېبىپلەرمۇ بار، دورىنى تولىسى خەنزۇدىن سېتىپ ئالادۇ. .ئاتنىڭ ئاغرىغىنى ساقايتادىغان ئادەملەرمۇ بار.

ئادەمنىڭ قېنىنى، ئاتنىڭ قېنىنى ئالادىغان ئادەملەرمۇ بار.قاننى چىكىسدىن ئالغىلى قورقۇپ ماڭلايدىن ئالادۇ. ئاتنىڭ قولىدىنمۇ ئالادۇ، چىكىسىدىنمۇ ئالادۇ، بوغۇزىدىن ئالمايدۇ.

## لۈكچۈن شەرى

لۈكچۈننىڭ خەلقى تولىسى چەنتودۇر. تۇڭگەن ئاتمىش تۈرت ئۆيلۈك، خەنزۇ ئوتتۇز ئالتى ئۆيلۈك. چەنتونى بەش دۆبە خەق دەيدۇ: ئىككىسى تۇرپان، ئۈچى لۈكچۈندە. لۈكچۈندە يەرلىك سارىيى يوق. لۈكچۈندە ئوبدان دەن خەنزۇدىمۇ، تۇڭگەندىمۇ يوق، ئوبدان بازارمۇ يوق. پۇززۇلى خەنزۇنىڭ ئون، تۇڭگەننىڭ ئۈچ، چەنتونىڭ تۈرت بار. سۇنى غودۇقتىنمۇ، ئېقىن سۇدىنمۇ ئالادۇ. لۈكچۈندە ئىككى سېپىل بار: بىرى قېدىمدا خەنزۇ سوققان شەر، بىرى يېڭىدا بەدەۋلەت سوققان. بەدەۋلەت سالغان شەر چۈرىسىدە، خەنزۇنىكى ئىچىدە قالدى. پۇززۇللار شەر ئىچىدە. شەر تېشىدا چەنتولار ئولتۇرادۇ، خەنزۇ، تۇڭگەنمۇ ئازاراق باردۇر. خەنزۇنىڭ بىر كىچىك بۇتخانىسى بار. شەرنىڭ ئىچىدە چوڭ سەككىز مىچىت بار، بىر مەدرەسە بار، ئىككى مەكتەپخانە بار. لۈكچۈننىڭ چۆرىسىدە چىقادۇ: قوناق، كەپپەز، بىدە، كۈنجۈت، بۇغداي، پۇرچاق، ئارپا، ئۈندۈرمە بار؛ ئاپيىن يوق؛ ئاپيىننى گۇچۇڭدىن ئاپكەلەدۇ. تۇزنى لۈكچۈندىن يىگىرمە يولدا، تۇيۇق تەرەپىدە، سايدىن ئالادۇ. گۈرۈچنى ماناستىن، كورلىدىن ئاپكەلەدۇ. لۈكچۈندە يەنە يانتاق شېكىرى چىقادۇ، تاش كۆمۈر، چىگىنى پىچاندىنمۇ، لوپتىنمۇ ئاپكەلەدۇ. ئوتۇننى يىرىم كۈللۈك يەردىن، لوپ تەرەپىدىن، ئاپكەلەدۇ. ئوتۇڭغا يانتاقنى، يۇلغۇننى قىلادۇ. لۈكچۈن مەدرەسەسىدىن چىقىپ قاشقار، ياركەڭگە بارادۇ، ئاندىن سامارقاڭغا بارادۇ. لۈكچۈندە قومۇل، تۇرپاڭغا ئوخشاش، ھەممە ئۆي تاملىرىنى لايدىن سوقادۇ. ھايگاناتتىن لۈكچۈندە ئات، تۆگە، كالا، قوي، ئې-

شەك، قىچىر، توخو، ئۆردەك، غاز، توڭگۇز، ئىت، تايغان بار. يولبارس لۈكچۈندىن ئاتلىق كىشىگە ئۈچ كۈللۈك يەردە بار، لوپ تەرەپسىدە. مايمۇننى قومۇل، قاشقار تەرەپىدىن ئاپكەلەدو. مۆگەلەردىن لۈكچۈننىڭ چۆرىسىدە ئالما، ئەنجىر، ئۈزۈم، شاپتولا، ئۆرۈك، نەشپۈتە، ئانار، چىلان، جۇجۇلە، قارامۇق، ھەيلۈنە، جىنەستە، جىگدە...

لۈكچۈڭگە تەئەللۇق يۇرت، كەنتلەرنىڭ ھسابى: چىقتىم، پىچان، شۇگە، خاڭدو، لەمجىن، چۇباڭقۇر، يۈتۇق، سىڭگىم، مۇرتۇق، قارا خوجا، ئاستانە، ياڭخى، لۈكچۈن، سىركىپ، تۇگەنساق، سۇپاسۇيى، دىخانسۇيى، لۈكچۈن كارىز، دىغار كارىز، ياڭخى كارىز، قاراخوجا كارىز، لۈكچۈن چىگەبۇلاق كارىز، لۈكچۈن ئەبەت گۈڭشاڭ، سىڭگىم گۈڭشاڭ، پىچان سۇبىشى، لەمجىن سۇبىشى، لۈكچۈن تاغ تەرىپى كۇكيار، ئۆرتەڭ ئاغزى. قارلۇق تاغ باشلاپ تا ئۆرۈمچىگەچە: بىر تەرىپى، جۇنۇپ تەرىپى چۆلتاغ، كۈن چىقىشى قۇمتاغ. تۇرپان، توقسۇن، تۇرپان چىگەبۇلىغى، تۇيۇق، تۇيۇق سۇبىشسى، تۇرپان كارىزى، يەمشى، توقسۇننۇڭ كارىزى، لۈكچۈننۇڭ مۇرتۇق يۇرتى، لۈكچۈڭگە لوپمۇ② تەبە. لۈكچۈننۇڭ لوپ تەرىپىدە ھاسار دىگەن شەر بار، قارا خوجادا ماەسكى شەر بار، تولا چوڭ، يىگرمە بەشتىن پوتەي، ھەممىسى يۈز. تۇرپاننىڭ كىچىك ئەسكى شەرى بار. يۈز پوتەيلىك شەر دەقيانۇسنىڭ شەرىدۇر.

تۇرپاندىن توقسۇڭغا يۈز سەكسەن يولدۇر، لۈكچۈڭگە يۈز ئاتمىش يول، پىچاڭغا ھەم يۈز سەكسەن يول. مازارلار تۇيۇقتا، ئاستانىدە، لۈكچۈندە، سىركىپتە، دىغاردا، يۈتۇقتا، مۇرتۇقتا، خاندودا، پىچاندا، شۇگەدە، ياڭخىدا، توقسۇندا، يەمشىدە. تۇرپاندىن جۇنۇپ تەرىپىدە تۆرت يولدا ھەزرىتى ئىلىنىڭ دۇلدۇلنى باغلاغان جاينىڭ ئىزى بار.

مۇجۇپ ئاخۇن ئاغزىدىن

ئالتى شەر دەگەن شەرلەر شۇ: ئەزىزانە قاشقار، پىريانە ياركەن، شەھدانە خوتەن، غازىيانە ئاقسۇ، گۈلىيۈللانە كۇچار، غەرىبانە تۇرپان. قاشقاردا ئەزىز ئۇلىيالار بار. ياركەندە پىرلەر تولا. ھەممە شەھىت خوتەندە تولا. ئاقسۇدا غازىلار تولا، كۇچاردا گەلى تولا. تۇرپاننىڭ دەريايى يوق، يەر-سۇ ئاز، ئۇلىيالار تولا، ئىنىڭ ئۈچۈن غەرىپ تولا. غەرىپ دىگەنى مۇساپىر.

**تۇرپان ئۆلكىسى لوپنىڭ بايانى**
**مىجىت(مۇجۇپ)ئاخۇننىڭ ئاغزىدىن**
**(1891-يىلى9-ئاينىڭ 24-كۈنى )**

بۇ لوپ دىگەننىڭ ئەللىرى تۇرپاڭغا گاڭغا قارايدو. بۇ لوپنىڭ توققۇز بىگى بار. بۇ بەگلەر باشلىرىغا خەنزۇ بەرگەن جىڭسا ئوتۇغاتنى «غوتۇرغات» دەيدو. بۇ لوپ بەگلىرى ھەر يىلدا تۇرپان دوتەيگە بىر جۇپ ئۆلۈك يولبارس، بىر جۇپ تىرىك ئات، ئۈ يەنە بىر جۇپ قاما، ئۈ يەنە توققۇز كالا، توقسەن قوي، ئاق، قارا بىر يۈز سەكسەن كۆرپە بۇلارنى تارتىق بىرەدۇ. ئۇ يەنە لۈكچۈن گاڭغا شۇنۇڭغا ئوخشاش تارتىق بىرەدو. شۇ ئىككى تارتىقدەك ئىككى يەرگە تۆتقان گۈنايىغا لوپلۇق خاڭغا ھەر قاسىدىن توققۇز جۇپتىن تارتىق بىرەدۇ. خاڭغا بىرەتۇرغان توققۇز جۇپ يولبارس تىرىسنى يۇرت خەلقى ئالغۇلۇق بولسا، ھەر يۇرتتىن بىردىن، ئىككىدىن كالىنى ئالباڭغا ئىلىپ يەتمىش-سەكسەن، بىرە يۈز كالىنى قىلىپ، يولبارس بار جاڭگالىغا ھايداپ يولبارسقا سىلىپ بىرەدۇ. ئاندىن بۇ جاڭگالدا يولبارس بولسا، بۇ كالىنى يولبارس كىلىپ بىرنى ئىتىپ ئاتادو. ئاندىن بۇ يولبارس ئىتىپ ئاتقان كالىنىڭ گۆشنى بىر كۈن توقتاپ سوتۇپ ئىنىڭدىن كىيىن يەيدو. ئاندىن بۇ لوپلۇقنىڭ ئارىسدا ئەللىك يىرىم يا ئاتمىش يىرىم كۇچلىنى يۇمشاق يانچىپ ئۇششاق--



MIRAS

ئۇششاق يىگىرمە-ئوتتۇز خالتاغا ئېلىپ تەييار قىلىپ قويادۇ .بۇ يولبارس كالىنى تاشلاپ ئېتىپ كەتكەنىنىڭ ئىزىسىگە ماراپ تۇرۇپ، بۇ كۆچلىنى ئاپىرىپ كالى-نىڭ بەدىنىگە پىچاقنى تېرەن-تېرەن سانچىپ، پىچاق-نىڭ ئورنىغا بىر خالتا كۆچلىنى تىقىپ، بۇ توشۇك-نىڭ ئاغزىنى يىڭنە بىرلەن تىكىپ ئاتۇرلەر. شۇنداق كالىنىڭ يىگىرمە-ئوتتۇز يېرىگە كۆچلىنى قويۇپ كەتسە، ئاندىن ئەرتىسى يولبارس كېلىپ بۇ كالىنىڭ گۆشتىنى يەرلەر. ئەگگەل بىر يەپ كۆتگەن يول-بارس بولسا، پىچاقنىڭ ئىزىنى بىلىپ يېمەي كېتۇر-لەر . مەگەر يېمگەن يولبارس بولسا، بۇ گۆشنى ھەممىسنى يەرلەر. ئاندىن بۇ يولبارس گۆشنى يەپ بولۇپ بىر تەرىپسگە كېتەرلەر. ئاندىن بۇ لوپ خەلقى كېلىپ يولبارس گۆشنى يەپتۇ، دەپ يولبارس كەتكەن تەرەپىگە ئىز ئىستەپ يۈرۈرلەر. بۇ يولبارس تازا بولسا، ئالقىنىنى ئېچىپ يەرنى دەپسەيدۇ. ناۋادا كۆچۈلا يېگەن بولسا، بەش يول، ئون يول بارغۇچە ئالقىنى يۇمبۇلاق بولۇپ ئىز بولادۇ. بۇ يولبارسنىڭ ئىزى مۇشتەك بولسا، بۇ يولبارسنى كۆچۈلا كۆچگە ئالغان گاختىدۇر. ناۋادا يولبارس شۇنداق گاختىدا ئا-دەمگە ئۇچراپ قالسا، ئادەمنى يەرگە ئۇرۇپ يېپىش-تۇرۇپ ئاتادۇ. بۇ لوپلۇق يولبارسنىڭ ئىزى يۇمبۇلاق بولغاندا يېقىن بارمايدۇ. ئاندىن شۇنداق بولغاندا ئۈش كۈندىن كېيىن ئۆلەدۇ. ئاندىن بۇ لوپلۇق بېرىپ تېرىسنى ئابدان سويۇپ، ئىچگە سامان تىقىپ، بۇ يولبارسنىڭ سۆڭگىنى بىر تۇلۇمغا، گۆشنى بىر تۇ-لۇمغا ئالادۇ. شۇ تېرىقىدە توققۇز يولبارس تۇتۇپ ئالادۇ. ئۇ يەنە خاڭغا بېرەتۇرغان توققۇز جۇپ قامى-نى قىش كۈنىسى دەريانىڭ ئۇستۇنىگە مۇز توڭلاغاندا، بۇ لوپلۇق يۇرت خەلقى ئالبان بىرلەن چىقىپ قاما ئالادۇ. بۇ قامنى ئالۇر بولسا، بۇ مۇزلاغان دەريانى مۇزنى ئادەم بېلىدەك نەچەن يەرنى تېشىپ بۇ تۆ-



سۈرەتلەر ل . ئا . چۇېرىنىڭ 1990-يىلى موسكۋادا روسچە نەشر قىلىنغان
«ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى» ناملىق كىتابىنى ئېلىندى . 1914-يىلى تارتىلغان

شۆكنىڭ ئاغزىغا نان گۆش ئاپىرىپ قويادۇ . بۇ قاما دەريانىڭ ئىچىدىن چىقىپ بۇ تۆشۆككە كېلەدۇ . ئان-دىن بۇ قاما تۆشۆكتىن بېشىنى چىقىرىپ، مۇندا ئادەم بولماسا، گۆش، نانلارنى يەيدۇ. ئاندىن بۇ قامالار ئىككى-ئۈش كۈن نان، گۆشنى يەپ ئادا بولغاندا تۆشۆكنىڭ ئۇستۇنىگە چىقادۇ. ئاندىن بۇ قاما قۇرۇق يەرگە چىقىپ جاڭگال ئىچگە كىرىپ كەتكەندىن كې-يىن لوپلۇق تۇمۇر تۇزاقنى ئاپىرىپ بۇ تۆشۆكنىڭ ئاغزىغا قويۇپ قويادۇ. ئاندىن بۇ قاما جاڭگال-دىن«تۆشۆككە كىرىپ كېتەمەن» دەپ كېلىپ بۇ تۇزاققا بېشىنى تىقسا، بۇ قامىنىڭ بېشى قىسىلىپ قالۇرلەر . لوپلۇق ئىككى-ئۈش كۈن كەلمىسلا، بۇ قاما تۇزاقتىن چىقالماي ئۆلۈپ قالۇرلەر. ئاندىن بۇ قامنى تېرىسىنى تۇلۇم سويۇپ، تېرىسگە سامان تى-قىپ شۇ تەرىقىدە ئالبان بىرلەن توققۇز جۇپ قاما ئالۇرلەر . ھەر كىمنىڭ تۇرپاڭغا يارىغۇدەك، گاڭغا يارىغۇدەك تارتىققا لايىق بۇ ئادەملەرنىڭ بىرەر نەر-سە-كېرەكلىرى بولسا، زۇلۇم بىرلەن ئېلىپ ئالۇر-

لەر. ئۇ يەنە قوي، كۆرپە، تۇلكى، ھەممە بىرەر نەرسە-كېرەك تارتىق جابدۇقنى يۇرتتىن زۇلۇم بىلەن ئالۇرلەر. تۇرپاندىن لوپقا كىشى كىرسە، دوتەينىڭ، گاڭنىڭ، بەگلەرنىڭ، بۇ كىرگەن ئادەم ھەم ئۆزنىڭ بولۇپ، بىر-ئىككى مىڭ سەرلىك سودا ئېلىپ كىرۇرلەر. ئاندىن بۇ كىرگەن ئادەم لوپنىڭ ھەممە بەگلىرىدىن يىغىپ ئېلىپ بارغان سودالىرىنى «خىنى سودا» دەپ بەگلىرىگە بۆلۈپ بېرۇرلەر. بۇ بەگلەر بۇ سودالارنى ئاپىرىپ ھەر قاسى ئۆز ئادىمىگە ئۈلەشتۇرۇپ بېرۇرلەر. ئاندىن بۇ كىرگەن ئادەم لوپتا بىر نەچچە زامان پۇلغا كۆڭنى-قارنى تويغۇچە يەپ ئاندىن «كېتىمەن» دېسە، يەنە بۇ لوپ بەگلىرى يۇرتتىن يىققان خىنى تارتىقنى ئاپكېلىپ بۇ كەلگەن تۇرپان بەگلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرۇرلەر. ئۇ يەنە بۇ ئېلىپ بارغان خىنى سودانى ھەممە يۇرت خەلقىدىن بىر گەز مالغا بىردىن قوي زۇلۇم بىلەن يىغىب ئالۇرلەر. ئۇ يەنە بىرە توپتىن يىگنە، يا بىرە ساندۇق ئۇپا سوغۇلۇق بېرىپ، ئېنىڭ ئورنىغا بىرە تاغار خورجۇن تاسما-كۆرپە يىغىپ ئالۇرلەر. بۇ



سۈرەتلەر ل. ئا. چۇرىنىڭ 1990-يىلى موسكۋادا روسچە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. **1914**-يىلى تارتىلغان

لوپتىن يىققان ھەممە پۇل-مالنى، يەنە ئالباڭغا ئات-ئۇلاق ئادەم يىغىپ بۇ تۇرپان بەگلىرى بىرلە ئېلىپ تۇرپاڭغا ئالبان بىرلەن ئاپچىقادۇ. بۇ لوپ خەلقى تۇرپاڭغا چىقاتۇرغان ئالبىنىنى ئۇلۇم ئالبىنى دەيدۇ.

1. «نېمە ئۈچۈن، دېسە» بۇ لوپ خەلقىگە چېچەك چىقمايدۇ. ناۋادا تۇرپاڭغا چېچەك كېلىپ قالغان بولسا، «بېشىڭنى ھېلى چاپىمەن» دېسىما، «ئي بۆبۆلەرىم كەپ قاپتۇ» دەپ ھەرگىز تۇرپان ئالبىنىغا چىقمايدۇ. بۇ لوپلۇقنىڭ «بۆبۆلەرىم» دېگىنى چېچەك ئانىسىنى دەيدۇ. ناۋادا بۇ تۇرپاڭغا چېچەك كەلگەن گاخلاردا بۇ لوپلۇق تۇرپاڭغا چىقىپ قالسا، بىر-ئىككى كۈن ھايال بولماستىن، قىرى بولسىما، چېچەك چىقىپ قالادۇ. بۇ چېچەكتىن قورقۇپ تۇرپاڭغا چىقماي، شۇ لوپ ئىچىدە بىرە بىر چېچەك چىقىپ ساقايغان ئادەملەر بار. ئۇ ئادەملەرنى لوپلۇق ئۆز ئىچىدە «پىششىقلا» دەيدۇ. ناۋادا چېچەك چىقمىغان ئادەملەرنى تۇرپاڭغا ئالباڭغا بۇرۇسا، پىششىقلارنى ئورنىغا چىقارادۇ. مۇبادا، بۇ تۇرپاندا لوپتىن چىققان ئادەمگە چېچەك چىقىپ ساقايسىما ، تا ئۈچ يىلغىچە لوپقا كىرگۈزمەيدۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن لوپقا كىرەر بولسا، لوپنىڭ چېتىدە كۆنچى دەريا دەپ دەريا بار، دەرياغا لوپلۇق كېلىپ يىغىلىپ تۇرۇپ، بۇ كەلگەن پىششىق لوپلۇقنى ئوتراغا ئېلىپ، ھەممە لوپلۇق ئەر-خوتۇن، تا كىچىك بالا، بىرى قالماي، قولىغا بىر سىقىمدىن قوينىڭ يۇڭىنى تۇتۇپ تۇرۇرلەر. ئاندىن يەنە بىر تاغار كېپەكنى ئاپكېلىپ، بىر كۆتۈرۈم ئەدرەسمان ئاپكېلىپ، بۇ كېپەك بىرلەن ئەدرەسماننى يانچىپ ئېلىشتۇرۇپ ئاندىن ئوت ياقارلەر. ئاندىن بۇ پىششىق لوپلۇقنى بۇ ئىسنى قىرىق بىر قېتىم ئەرگىتىپ، قىرىق بىر قېتىم ئوتنىڭ ئۈستىدىن تاقلىتىپ ئۆتكۈزۈرلەر. ئاندىن بۇ پىششىقنى



سۈرەتلەر ل . ئا . چۇرنىڭ 1990-يىلى موسكۋادا روسچە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى 1914-يىلى تارتىلغان

شۇ يەردە ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياللاغاش قىلىپ سۇغا تۇشۇرۇلەر. ئاندىن بۇ لوپلۇق پىششىقنى قاتۇرىغا ئېلىپ لوپقا ئېلىپ كىرۇرلەر. ناۋادا لوپقا چېچەك كىرىپ قالسا، بۇ چېچەك چىققان خايى كىچىك بالا، خايى چوڭ كىشى بولسىما، بۇ چېچەكنىڭ ئۇيچۇ-رىسىدىكى ئادەملەر، چېچەك چىققان ئۆيدىكى ئادەم-لەر، ئاتا-ئانىسى بولسىما «قارا مەرەز كېلىپتۇ» دەپ بۇ چېچەكنى شۇ ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ يىراققا قېچىپ كېتەرلەر. بۇ لوپ ئىچىدە بىر مۇنچە ئادەملەرگە يا-مان يارا چىقىپ قالسا، بۇ ئادەمنىمۇ تاشلاپ قاچۇر-لەر.

يەنە بىر سۆز بار. بۇ لوپ خەلقىنىڭ مۇسۇلمانچىل-غىنىڭ بايانى شۇ دۇر. ئەر خەقنىڭ قېرىسىنى، مەز-لۇم خەقنىڭ قېرىسىنى «قۇرۇتقا» دەرلەر. بۇ قۇ-رۇتقالەر ھەر بىرىسى ئون يىل، ئون بەش يىل، يەتتى-سەككىز يىل نەپلى ناماز ئۇتەپ روزا تۇتۇر-لەر .بەشگاخ نامازنى ھەرگىز تاشلامايدۇرلەر.

...بۇ لوپ خەلقى ئاتا-ئانا، بالا-چاقا، ھەممىسى بىر ئۆيدە ياتادۇ. بۇ لوپ خەلقىنىڭ ئولتۇرغان ئۆيى ھەممىسى قېمىشتۇرلەر. يەردىن يەرگە قىشلاق، يازلاق دەپ يەرلىرى باردۇر. بۇلار شۇنداق يەرلەرگە كۆچۈپ يۈرەدۇ. بۇ لوپنىڭ توققۇز بەگنىڭ ئارىسىدا ئۈچ ئاخۇنى بار، ئۈچ قازىسى بار، ئۈچ مۇپتىسى بار. بۇ لوپ خەلقىنىڭ ئولتۇرغان ئۆيى ھەممىسىلا قېمىش، بەگلىرىنىڭ ئوردالىرىمۇ ھەم قېمىشتا تۇرۇر. مۇبادا بۇ بەگلەر گۇنا قىلغان ئادەمنى سولار بولسا، قېمىش ئۆيگە سولايدۇرلەر.

لوپلۇقنىڭ خوتۇن خەلقىنىڭ ئېگىل كەيگىنى شۇنداقتۇر. بېشىغا خايى قېرى، خايى ياش بىردىن لېچەك سالادۇ. لېچەكنىڭ ئۇستۇنگە ياش چوكەللىرى ئۇش-تۇرت ياغلىقنى بېشىغا چىگىپ، ياغلىقنىڭ ھەممە ئۇچىنى ئوڭ يېنىغا ئاپكېلىپ بىر قىسما گۇل قىلىپ قويادۇ. بۇ لوپ خوتۇللىرى بېشىغا بۆركنى ھەرگىز كەيمەيدۇ. چېچىغا جوگان چوكەللىرى قىزىل شەلپەرنى، ئاق سۇرۇپنى يىنچكە-يىنچكە يىرتىپ، چېچىغا ئۇلاپ چاش قىلىپ سېلىپ ئالادۇ. خوتۇللەر چاپىنىنى ئەر كىشىنىڭ چاپىنىغا ئوخشاش كيەدۇ. ئەر خەقنىڭ كيىمى قازاق كيىمدەك تۇرۇر. ئۇ يەنە ئەر- خوتۇننىڭ كيگەن ئىشتان كۆڭلىكى ھەممىسى يۇڭدا بولادۇ. بۇ لوپلۇقنىڭ ئەر خەلقى قوي بې-قىپ، ئىشكار قىلىپ مۇنداق ئىشلەرنى قىلادۇ. خوتۇن خەلقى يىراق جاڭگاللارغا بېرىپ قىزىل چىگە سويۇپ ئاپكېلىپ بۇ چىگنى سۇغا چىلاپ بىر نەچچە كۈن بولغاندا، ئاندىن ئېلىپ پوستىنى سويۇب ئالادۇ. پوستىنى ئېلىپ ئۇششاق-ئۇششاق باغلاپ يەنە سۇغا سالادۇ. بۇ چىگە سۇدا بەش-ئالتى كۈن تۇرغاندا سېپىپ ئۆزىدىن ئۆزىگە تال-تال بولۇپ ئارىلادۇ، بۇ چىگنى ئاندىن خوتۇللەر تۆرت- بېشى بىر يەر-دە ئولتۇرۇپ، بىر خوتۇن ئىككى قولىغا بىردىن ئىك-كى تال چۇبۇق ئېلىپ بەش-ئالتى خوتۇن بىر قو-

چاق، ئىككى قۇچاق چىگنى ئوترادا قويۇپ تۇزبۇرۇپ
ئولتۇرۇپ بۇ چىگنى سابايدۇ. ئاندىن بۇ چىگە بىر
سائەت بولغاندا يۇمشاق پاختاغا ئوخشاش بولادۇ.
ئاندىن بۇ چىگنى خوتۇنلەر تۇمۇر يىككە يۇرگەپ
ئېشىپ، ھەر كۈنگە شۇنداق تۇرت-بەش يىك ئېگ-
رىپ بىر كۆللەر بولغاندا بۇ خوتۇنلەر شۇ چىگنى
ئادەم بېشىدەك، ئادەم بېشىدەك يىگىرمە-ئوتتۇز يۇم-
غاق قىلادۇ. ئاندىن مەھەللىنىڭ خوتۇنلىرىنى ھەممە-
سىنى يىغىپ كېلىپ، يەرگە قوزۇق قېقىپ بىر قوي
ئۇلتۇرۇپ بىر كۈن بۇ چىرلاغان مەزلىملەرگە ئاش
بېرىپ، ئاشنى يەپ بولغاندىن كېين، ئاشنىڭ ئىگىسى
ئورنىدىن قوپۇپ قولنى باغلاپ تۇرۇپ «ئەي
مەيماللەر، مەن ئەرتىلىككە تاغار يۇگۇرەدۇرمەن.
ئەرتىلىككە ماڭا تاغار يۇگۇرۇشۇپ بېرۇرلەر» دېسە،
بۇ خوتۇنلەر ئاندىن ئەرتىسى كېلىپ بۇ خوتۇنغا
تاغار يۇگۇرۇشۇپ بېرۇررلەر. بۇ يۇگۇرگەن تاغارنى
نەچچە كۈن يۇگۇرسە، ئوتتۇز - قىرىق تاغارلىقنى
بىر قېتىمدا يۇگۇرۇب ئالۇرلەر. بۇ يۇگۇرگەن تاغارنى
يەنە خوتۇن خەق توقۇيدۇرلەر. ئىشتان - كۆڭنەك،
كيەتۇرغان يۇڭنىما خوتۇن خەق توقۇيدۇ، ھەممە
تاغار - خۇرجۇن، پالاز ،داستۇرخان توقۇيدرغاننى لوپ-
لۇقنىڭ خوتۇن خەلقى قىلادۇ.

يەنە لوپ خەلقىنىڭ يەيدۇرغان غىزاسىنىڭ بايانى
شۇ دۇر. بۇ لوپ خەلقى ھېمشە يەيتۇرغان گۇش
غىزاسىغا بېلىق يەيدۇ. يەيتۇرغان ئۇن تائامىغا بۇغداي
ئۇننى بېلىق يېغى بىرلەن بوغۇرساق قىلىپ يەيدۇ.
لوپ خەلقىنىڭ مىچىتى ھەم قېمىشتا بولادۇ. ئاستىنى-
غا سالغان بىساتى لىكەندىن بولادۇ. بۇ لوپ خەلق-
نىڭ مۇگسى لوپنىڭ جاڭگىلىنىڭ جىگدىسىدۇر. ئۇ
جىگدە قوينىڭ قۇمۇلغىدەك ئۇششاق بولادۇ. بۇ لوپ-
لۇق شۇ جىگدىنى يازلىغى بولسا، جاڭگىلغا بېرىپ
ئۇن تاغار يىگىرمە تاغار جىگدە قىلىب ئالادۇ. بۇ
جىگدىنى ئاش ئىچەر بولسا، ئاشنىڭ ئارىسىغا بىر
شىڭ - بىر شىڭ ئىلەشتۇرۇپ سېلىپ ئىچەدۇ.
لوپلۇقنىڭ توي قىلغىنى شۇنداق تۇرۇر. ئىككى كىشى
توي قىلۇر بولسا، ئوغلى بار كىشى قىزى بار كىشى
بىرلەن ماقۇللاشسا، قىز يەتتى ياشقا كىرگەندە ئوغلى
بار كىشى بۇ قىزى بار كىشى بىرلەن توي سېلىشۇر-
لەر. تويغا زەدەرلەر بەشيۈز ئۇلاق، مىڭ ئۇلاق ئو-
تۇن سالۇرلەر. ئۇ يەنە زەدەر بولسا، توققۇز يۈز
قوي، نامرات بولسا، بىرە-ئىككى يۈز قوي سالۇرلەر.
توققۇز-توققۇز قوي - كالا سالۇرلەر. بۇ قىز قىز
بولۇپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارغۇنچە يىگىتنىڭ ئاتا-ئا-
نىسى قىزنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كيمكىنى بېرىپ تۇ-
رۇرلەر. ئوتۇننى، قوينى، ماللىرنى توي بولغۇچە
ھەريىلدا كۆچى يەتكىنچە بېرىپ تۇرۇرلەر. بۇ قىز
بولغاندا توي قىلۇر بولسا، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزغا
تەئەللۇق ئاتىسىنىڭ دۇنياسىنى بۆلۈپ بېرۇرلەر. توي
بولماستىن ئەگگەل قىزنىڭ ئاتىسىدىن تەككەن پۇل-
مالنى يىگىتنىكدە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن توينى قى-
لۇرلەر. توي قىلۇر بولسا، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى بىرە
يۈز قوي، ئۇن، ئۇن بەش كالا ئۆلتۈرۇرلەر. ھەممە
لوپ خەلقنى چىرلاپ كېلىپ ئۇش كۈن ئاش بې-
رۇرلەر. ئاندىن قىزنى كۆچەر گاختا يۇرت خەلقى
كېلىپ قىزنى كۆچۇرۇپ چىقسا، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى
ھەممە ئۇرۇق-قۇياشى بىر تۇتامدىن يۇڭ ئاپچىقىپ
قىزنىڭ بېشىدىن «بالا - قازاڭ چىق، چىق!» دەپ
بۇ يۇڭنى قىزنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ-ئۇرۇپ قويارلەر.
ئاندىن قىزى ئاتقا مىڭگەندىن كېين، قىزنىڭ ئانىسى
قىزنىڭ كەيىندىن يۇگۇرۇپ بېرىپ ئېتىنىڭ ياندۇر-
غۇسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ «جانىمنى بەردىم! جانىم ئە-
چىگە ئابام بالام، ئىنەم بالام، سېنى خۇدا پاتشاغا
تاپشۇردۇم» دەپ ئۇزاتىپ قويۇرلەر. ئاندىن يىگىتنى-
كدە بارغاندا يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزنىڭ ئايلىغا بې-

رىپ بىر مۇنچا يۇڭلار ئېلىپ بېرىپ «چىق، چىق بالا ـ قازاڭ،! كەل، كەل، خۇدا كېلىن، كەل » دەپ قىزنىڭ قېيىن ئاتىسى كېلىنىنىڭ پىشانىسىگە بىرنى سۈيۈپ قويىدۇرلەر. ئاندىن يىگىتنىڭ ئاتىسى ئۆلتۈرگەن قوي ـكالىلىرىنىڭ گۆشىنى لوپ خەلقىگە تارتىق بې-رىپ، يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن تېگەتۇرغان تەئەللۇ-قاتنى ھەممىسنى بۆلۈپ قولىغا بېرىۋرلەر. ئاندىن بۆيگىت ئۆزىنىڭ تەئەللۇقاتىنى، قىزنىڭ تەئەللۇقاتىنى ئېلىپ بۆلەك چىقىپ ئۆز ئوقاتىنى قىلۇرلەر.

مەشرەپ ئۇسۇلنى لوپ خەلقى بىلمەيدۇ. سۈننەت قىلغاننى، ئات قويغاننى مەن كۆرمىدىم.

لوپ خەلقىنىڭ ئۆلۈك ئۆلسە، بۇ ئۆلۈكنى ئۈش كۈن ئۆيدە ساقلەرلەر. ئۈش كۈنگىچىلىك بۇ ئۆلۈكنىڭ پۇل ـ مالى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ بالا ـ چاقىسى بول-سا، ئۆلۈكنى كۆمەي تۇرۇپ بۆلۇشۇپ ئالۇرلەر. ئاندىن ئۆلۈكنى كۆمەر بولسا، ئۆلۈكنىڭ ناماز ھەق-قىسگە تاپقان دۇنياسىنىڭ ئوندىن بىرنى ھساپلاپ ناماز قىلغان ئاخۇنغا قويۇرلەر. ئاندىن بۇ ئۆلۈكنى يەرلىگگە ئاپىرىپ گۆرنىڭ ئىچىگە كىگىز سېلىپ، ئاندىن ئۆلۈكنى ياتقۇزۇپ قويارلەر. ئاندىن بۇ ئۆ-لۈكنى كۆمۈپ قويۇپ كېلىپ ئۆلۈك ئۆلگەن قېمىش ئۆيگە ئوت قويۇب ئاتۇرلەر. بۇ ئۆلۈك ئۆلگەن مە-ھەللىدىن بۇ ئادەملەر قېچىپ كېتەرلەر. گۆرنىڭ ئۈستۈندە قازاق سالغىندەك تاش سالادۇ.

لوپلۇقنىڭ كېسەل بولغىنىنىڭ بايانى شۇدۇر. لوپلۇق كېسەل بولسا، بىر يىل، ئىككى يىل ساقايماسا، بۇ كېسەلنى مېچىتلىك ئون ، ئون بەش ، يىگىرمە ئادەم كىرىپ بىرىسنىڭ ئۈستۈنگە بىرىسنى ئىتترىپ خام بوسۇرماق قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويادۇ. ئۇ يەنە كېسەل بولۇپ ئۆلگەن كىشنى بۇ لوپلۇق شۇ ئۆيدە قويۇپ ياتقان قېمىش ئۆيگە ئوت قويۇب ئاتادۇ. ئۇ يەنە يامان يارا چىققان كېسەل بولسا، يامان يارنى باقا-دۇرغان ئادەملەر ئىچەتۇرغان سۇينى قېمىش بىرلەن يىراقتا تۇرۇپ ئىچۈرەدۇ. ناۋادا يامان يارا يولاپ قال-سا، بۇ ئۆيگە ئادەمنى قويۇپ ئوت قويۇب ئاتادۇ. بۇ يارنىڭ سۆڭەكلىرنى ئاپىرىپ دەرياغا ئېقىزىپ ئا-تادۇ. (داۋامى كېينكى ساندا)

تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

---

① كىز ـكىگىز (ن ت)

②بۇ يەردىكى لوپ ھازىرقى لوپنور ناھىيىسىنى كۆرستىدۇ (ن ت)

(ئاپتورنىڭ 1975 ـيىلى گېرمانىيىدە كارل مېنگېس تەرپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابىدىن نەشرگە تەييارلاندى)

2008.1

******************************************

# بىلدۈرگۈ

«مىراس »ژۇرنىلىغا ئەسەر ئەۋەتمەكچى بولىۋاتقان ئاپتورلار ئەسەرلىرىنى تىزىش ۋە ئالماشتۇرىشىمىزغا قولايلىق بولىشى ئۈچۈن «ۋورد» (word) سېستىمىسىدا تىزىپ ژۇر-نىلىمىزنىڭ ئېلېكترونلوق خەت ساندۇقىغا ئەۋەتىشىنى ، ئىمكانىيىتى بارلار ئەسەرلىرد-نى بارماق دېسكا(udeck) بىلەن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىۋاستە ئەكىلىپ بېرىشىنى ئۈ-مىد قىلىمىز.

ئېلېكترونلوق خەت ساندۇق ئادىرسى: mirasuyghur@126.com

ھۆرمەت بىلەن :« مىراس »ژۇرنىلى تەھرىراتى

# شازادىخان ئانا بىلەن
# توختىخان ئانىنىڭ چاقچاقلىرى

توختىخان ئانا:
تاغقا چىقماي باغ ئىچىدە
كۆرۈپ قالدىم قوزىنى.
پاختا تەرمەي يىغۋاپتۇ،
ئەتراپىغا غوزىنى.
شازادىخان ئانا:
تاغدا بولماي جەرەن دىگەن
باغقا كەلگەن نەدە بار.
كۆزى چولپان، ئۆزى چاققان
شۇ جەرەننىڭ دەردى بار.
توختىخان ئانا:
دەردىم بولغاچ كەلدىم تاغدىن
ئۆزلىرىنى كۆرگىلى.
هال ـ مۇڭ ئېيتىپ، پاراڭلىشىپ،
چاقچاقلىشىپ كۈلگىلى.
شازادىخان ئانا:
تېرىپ قويدۇم گۈللۈككە،
تۈرلۈك ـتۈمەن مايسىنى.
يۇمغاقسۇتمۇ بار تېخى
خالايلاكىن قايسىنى.

ئەسسالام هاپىز خېنىم،
امان ـئېسەنمۇ ئۆزلىرى؟
سۆزلىرى شاتۇتىدەك
ئويناپ تۇرادۇر كۆزلىرى.
توختىخان ئانا:
بەگنى ئەگدۈرگەن خېنىم بۇ،
بىر جۈپ بۇلاقتەك كۆزىدە.
مىڭ كۈلكە يىغىپ تۇرىدۇ،
ئايدەك چىرايلىق يۈزىدە.
شازادىخان ئانا:
كۈلمەمدۇ خېنىم كۈن ـتۈن،
دەردۇ ئەلەم يوق بېشىدا.
بەختى دۆلەتنىڭ قۇشى،
تۇرسا خېنىمنىڭ قېشىدا.
هاپىز خېنىم:
قوزا بىلەن جەرەننىڭ
چىقىپ قاپتۇ تىللىرى.
گەپلىرىدىن تېنى ساقتەك،
خۇشالمىكىن دىللىرى.

يىغلىساڭ يىغا تۇغار،
كەلدۇق بۇ يەرگە كۈلگىلى.
خېنىمنىڭ بوستانىدا
بىللە ئويناپ كۈلگىلى.
شازادىخان ئانا:
خېنىمنىڭ ئوغلى ئەلتەك،
ئايدەك چىرايلىق قىزلىرى.
مېھىشى پوۋۇسكىدا
يەرگە تەگمەس ئىزلىرى.
هاپىز خېنىم:
ئەجەب ياقتى كۆڭلۈمگە
قوشاق بىلەن چاقچاقلار.
ئەمدى چايغا بېقىشسىلا
گېپى تاتلىق شاقشاقلار.
شازادىخان ئانا:
قەمبەرخانىم، قەمبەرخانىم،
بويلىرى زىلۋا.
توختىخان ئانا:
قەمبەرخانغا كۆز تىكمىگەن
بۇ يۇرتتا كىم بار؟
شازادىخان ئانا:
قەمبەرخانغا ئاچ بۆرىدەك
موللام قارايدۇ.
توختىخان ئانا:
ئويۇن قويسا ئۆيۈشمىدا
يوچۇق مارايدۇ.
شازادىخان ئانا:
قەمبەرخانىم باتۇر ئايال،
يۈرىكى قاپتەك.
توختىخان ئانا:
دەۋزىخىي بۇ دىگەنلەرنىڭ
يۈزلىرى داپتەك.
شازادىخان ئانا:
قەمبەرخاندىن جىمكى يۇرت
بولىدۇ رازى.
توختىخان ئانا:
ئەپلاتۇننىڭ زەنجىرى،
ئۆزىدۇر قازى.
شازادىخان ئانا:
قەمبەرخانىم ئۇسسۇل ئويناپ،
قويغاندا ئويۇن.
توختىخان ئانا:
موللا ئىشان، سوپىلىرىم،
تولغايدۇ بويۇن.
شازادىخان ئانا:
شەرىدۇڭنىڭ يېرى قاتتىق،
قوغۇنى تاتلىق.
توختىخان ئانا:
يۇرتىمىزنىڭ بىر تال گۈلى
قەمبەرخان ئاتلىق.
شازادىخان ئانا:
قەمبەرخانىم كىيۋاپتۇ،
قامىدىن تۇماق.
توختىخان ئانا:
قەمبەرخانىم غۇنچە بويلۇق،
قىلىقى ئوماق.

توپلىغۇچى: غوپۇر ئۆمەر



# كورىيىلىكلەر ئەنئەنىگە قانداق ۋارىسلىق قىلىدۇ

جاڭ خۇڭجى

**«تېرىقنى تۆگە بىلىدىغان» كورىيە**

كورىيىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى جۇڭگونىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا يوقنىڭ ئورنىدىلا.

كورىيە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى جۇڭگودىن خېلىلا ئارقىدا تۇرىدىغان شەرقتىكى ئالقانچىلىك دۆلەت بولغاچقا تەۋەررۈكلەرنىڭ كۆلىمى ۋە قاتلىمى جەھەتتە جۇڭگوغا يەتمەيدۇ.

لېكىن، كورىيانلار ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئاشۇ تېرىقچىلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىمۇ ئاجايىپ قىممەتلىك بىلىدۇ.

كورىيانلار سېئۇل شەھىرىدىكى جىڭ فۇگوڭ سارىيى، چاڭ دېگوڭ سارىيى، چاڭ چىڭگوڭ سارىيى، سوڭ ئىبادەتخانىسى ۋە دې شۇۋگوڭ سارىيى قاتارلىق بەش سەيلىگاھنى «بەش خان سارىيى» دەپ ئاتىشىدۇ. لېكىن بۇ بەش سەيلىگاھنى قوشسا بېيجىڭدىكى خان سارىيىنىڭ يېرىمىغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. ھەممىلا يېرىگە «جاھاندا بىر» دەپ پۈتۈپ قويۇلغان بۇ تەۋەررۈكلەرنى ھەتتا كورىيانلارنىڭ ئۆزىمۇ «بېيجىڭ خان سارىيىنىڭ پەردازخانىسىچىلىكلا كېلىدۇ». دەپ ھەزىل قىلىشىدۇ. ئەمما، كورىيانلار بۇ ئالقانچىلىك سەيلىگاھنىمۇ ئىنتايىن رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇ يەردە زەررىچىلىك چاڭ - توزان كۆرەلمەيسىز. چاڭ دېگوڭ سارىيىنى ئالساق، سارايىنىڭ مۇھىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇ يەرگە ساياھەتچىلەرنىڭ يەككە كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ساياھەتچىلەرنىڭ سانى مەلۇم ئۆلچەمگە يەتكەندە، ئاندىن ساياھەت يېتەكچىسى «ساراي ئىچىدە نەرسە يېمەسلىك، تاماكا چەكمەسلىك، نەرسىلەرنى قالايمىقان تاشلىماسلىق» قاتارلىق ئىشلارنى تەكىتلىگەندىن كېيىن ئاندىن باشلاپ كىرىدۇ. سارايىنىڭ بۇلۇڭ - بۇشقاقلىرىغىچە ھېچقانداق يەردە پارچە قەغەز، تۈكۈرۈك دېگەندەك نەرسىلەرنى چېلىقتۇرمايسىز. كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلەنگەن ھەم پاكىز رەتلەنگەن چىملىقلار سىزنى ئاجايىپ ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بېيجىڭدىكى خان سارىيىنىڭ باشقۇرۇشى ناھايىتى ئەركىن. قايسىبىر يىلى بېيجىڭ خان سارىيىغا كىرگىنىمدە بىر ساياھەتچىنىڭ تەيخې قەسىرىنىڭ ئىشىكىگە نەقىشلەنگەن ئەجدىھا ھەيكىلىنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن ھەلنى پىچاق بىلەن قىرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم؛ ئۇ ئالتۇن ھەلنى قىرىش بىلەن ئالاھازەل ئون نەچچە مىنۇت ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئارىلىقتا بىرەرسى كېلىپ ئۇنىڭغا «هاي» دېمىگەنىدى. ئېلىمىزنىڭ ھەر قانداق بىر سەيلىگاھىنى پارچە - پۇرات قەغەزلەر قاپلاپ كېتىدۇ، بۇنىڭغا كۆنۈپمۇ كەتتۇق. سەددىچىنىنىڭ بادالىڭ ۋە مۇتيەنيۇ بۆلىكىگە ئادەتتە ساياھەتچىلەر ناھايىتى كۆپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇ يەرنىڭ تاش ۋە خىشلىرى ئاللىقاچان بوشاپ كەتتى، ھەممىلا يېرىنى «پېقىر كۆرگەن مەنزىلگاھ» دېگەن ئويما خەتلەر زېدە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەممە يەرنى قاپلىغان ئەخلەت - چاۋار، سودا - سېتىقنىڭ غەۋغا سادالىرى ۋە ماشىنىلاردىن چىققان ئىس - تۈتەكلەر سەددىچىنىنىڭ بىر پۈتۈن سىياقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە.

سېئۇلدىكى دې شۇۋگوڭ سارىيىنىڭ بىر تەرىپى ئاۋات كوچىغا، يەنە بىر تەرىپى ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە ئىشخانا بىنالىرىغا يانداش ئىدى. لېكىن، سېئۇللۇقلار بۇ كىچىككىنە تەۋەررۈكنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ياندىكى بىنالارنى چېقىپ، كوچىنى يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىم تېرىدى. سېئۇلنىڭ كوچىلىرىدا ماشىنىلىق ماڭسىڭىز سېئۇلنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىمۇ بىرەر كونا سېپىل قوۋۇقى ياكى بىرەر ئېغىزلىق قەدىمىي ئىبادەت-

خانىنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى، ئېگىز ـ ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە تەۋەررۈكلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چوڭ ـ چوڭ يوللارنىڭ ئەگىتىپ ياسالغانلىقىنى كۆرىسىز. دېمەك، كورىيىدە مەدەنىيەت سودىغا قارىغاندا ئىنتايىن قەدىرلىك.

كورىيانلارنىڭ تەۋەررۈكلەرنى قوغداش جەھەتتىكى ئۆتەك قىزغىنلىقى جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزەرىدە «ئىش كۆرمىگەنلەرنىڭ تېرىقىنى تۈگە دەپ بىلگىنى»گە ئوخشايدۇ. چۈنكى كورىيىدە كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان بىرەر ئۆڭكۈرنىڭ ئىزناسى، ئەسكى ـ تۈسكى تاش ـ توپىلار دۆۋىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمىي شەھەر خارابىسى، كىچىككىنە ئىبادەتخانە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ مۇھىم «شەكىلسىز مەدەنىيەت بايلىقى» دەپ قارىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەخسۇس خانە قۇرۇپ قوغدىلىدۇ. كورىيەگە بارغان نۇرغۇن ساياھەتچىلەر ساياھەت خەرىتىسىدە« مۇھىم تەۋەررۈك ئىزناسى» دېگەن يەرلەرگە ئالدىراپ ـ تېنەپ بارىدۇ ـ دە، ئۇ يەردىكى تەۋەررۈك ئاتالغان نەرسىلەر قانداقتۇر كىچىكككىنە بىرەر راۋاق ياكى بىرەر دانە قۇرام تاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىشىدۇ.لېكىن كورىيانلار بولسا ئۇنىڭدىن تولىمۇ ھەۋەس بىلەن زوقلىنىدۇ .20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى لىخۇا قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى جياڭيۈەنداۋ دېگەن جايدا گۈزەل مەنزىرىلىك بىر جىلغىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، تاغ قاپتىلىدا يەنە «دەريا ئېقىنلار مەكتۈپى»، «مۇنەججىملەر رەمباللىقى» دېگەن خەتلەرنىڭ ئىزناسى بارلىقىنى بايقىدى. بۇ بايقاش پۈتكۈل كورىيىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ ئەسلىدە بۇرۇن ئۆتكەن بىر روھچىلىق تەلىماتى ئۇستىسىنىڭ پىنھان تۇرالغۇسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭ بىلەن شۇ جايدىكى پۇقرالار ئۆزلىگىدىن تەشكىللىنىپ، بۇ يەرنى كۆڭۈل قويۇپ قوغدىدى. بىر نەچچە ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۇ يەرنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەپسىلى تەتقىق قىلدى. كورىيە ھۆكۈمىتىمۇ بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، نۇرغۇن مەبلەغ بىلەن ئۇ يەرنى ئەسلى قىياپىتىنى قوغداش شەرتى بىلەن ساياھەتچىلەرگە مۇۋاپىق دەرىجىدە ئېچىۋەتتى. نەتىجىدە ئادەمنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان بۇ جىلغا مانا ھازىر « بۇلۇتلۇق جىلغىدىكى نەغمە » نامى بىلەن كورىيىنىڭ شىمالىدىكى داڭلىق مەنزىرىلىك جايغا ئايلاندى.

كورىيانلار تەۋەررۈكلەرنى قوغداشتا،شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ..

شۇڭا كورىيىگە بارغان ساياھەتچىلەر كورىيىدىكى ساقلىنىپ قالغان تەۋەررۈك ئىزلىرىغا قارىغاندا خىلمۇخىل شەكىلدىكى ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت كۆرگەزمىلىرىگە ھەيران قالىدۇ.

سېئولغا بارسىڭىز نۇرغۇن ئۆرپ ـ ئادەت مۇزېيلىرىنى كۆرىسىز .دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت ، مۇزېيلىرىدا ئادەتتە كورىيانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ،كىيىم ـ كېچەك ،تۇرالغۇ ،دېھقانچىلىق ،قول ھۈنەرۋەنچىلىك ،ئەلنەغمە ،توي ـ تۆكۈن ،نەزىر ـ چىراغ قاتارلىق ئېتنوگرافىيىسىگە ئالاقىدار مەزمۇنلاردىكى كۆرۈنۈش ۋە ماددىي بۇيۇملار كۆرگەزمە قىلىنىدۇ .ئۇنىڭدىن باشقا يەر شارى ئۆرپ ـ ئادەت مۇزېيى ،يىپەك كەشتىچىلىكى مۇزېيى ،كورىيە تەڭگە پۇللىرى مۇزېيى ،دېھقانچىلىق مۇزېيى ، چىلىما كۆكتات مۇزېيى ، فار ـ فۇر قاچىلار مۇزېيى قاتارلىقلار بار . بۇ مۇزېيلارغا قويۇلغان تەۋەررۈكلەرگە قارىغاندا ئەمەلىي كۆرسەتمىلەر تېخىمۇ جەلپكار . مەسىلەن ، چىڭفۇ سارىيىدا ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئۆتكۈزۈلىدىغان سارايىنى ئېچىش ۋە تاقاش مۇراسىمىنى كۆرىسىز . بۇنىداق مۇراسىملاردا

.ئىشلىتىلىدىغان كىيىم-كېچەك ۋە قورال - ياراغلارنىڭ ھەممىسىدە قەدىمىي ئەنئەنىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ . مۇراسىم پۈتۈنلەي قەدىمكى ئۇسلۇبتا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ . ئېلىمىزدىكى قەدىمكىنى زورىغا دوراپ خوجا كۆرسىگە ئۆتكۈزىلىدىغان مۇراسىملارغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ . كورىيىدە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە خىلمۇ خىل تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇرىدۇ . بۇنداق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئاساسەن مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ: بىرى ،كورىيانلار ئارىسىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ ياڭگېر ۋە ئەجدىھا قېيىق مۇسابىقىسىگە ئوخشاش ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا ئۇدۇم قالغان مەھەللىۋى ئۆرپ-ئادەتلەر تاماشىسىنى كۆرسىتىدۇ . جۇڭگولۇقلار ئارىسىدا ئاللىقاچان يوقۇلۇشقا قاراپ ماڭغان بۇنداق يۇقىراۋى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى كورىيەدە ئىنتايىن داغدۇغا بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۆتكۈزىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق پائالىيەتلەرنى پۈتۈنلەي يۇقىرالار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ئېلىپ بارىدۇ . يەنە بىرى، كورىيە ھۆكۈمىتى يوقۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان مېھرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان خىلمۇ خىل يەرلىك ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە ئۆرپ - ئادەت بايرىمى ، يۇقىراۋى مەدەنىيەت بايرىمى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «چوڭ شياڭ قىسسىسى» ناملىق كىلاسسىك رومانىدىكى چۈن شياڭنىڭ يۇرتىغا «چۈن شياڭ سارىيى» قۇرۇلغان بولۇپ ، كىشىلەر ھەر يىلى شۇ يەرگە كېلىپ چۈن شياڭغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدۇ . مىللى قەھرىمان لى شۈنچېننى خاتىرلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇرتى ۋېنياڭدا «ۋېنياڭ مەدەنىيەت بايرىمى» ئۆتكۈزۈلىدۇ .

يۇقۇرىقىدەك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى كورىيىدە «شەكىلسىز مەدەنىيەت بايلىقى» دەپ قارىلىدۇ . ئۇلار ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك شەكىلسىز مەدەنىيەت بايلىقى 100 خىلدىن ، يەرلىك ئەنئەنىۋى شەكىلسىز مەدەنىيەت بايلىقى 200 خىلدىن ئاشىدۇ . ئۇلار كورىيانلارغا خاس يۇقىراۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇلار يەنە بۇنداق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى موزېيلارغا ئۆلۈك ئەۋرىشكە پېتى تىزىپ قويماي ، ئۇنىڭغا ئەمەلىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىش ئارقىلىق ، ئۇلارنى كورىيانلار مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرغان. كورىيانلار .ئۇنداق كونسېرتلارغا

ناھايىتى قىزىقىدۇ ، ئۇنداق كونسېرتلارنىڭ بەزىلىرى ھەقسىز قويۇلىدۇ . لېكىن بەزىلىرىنىڭ بېلىتى ناھايىتى قىممەت بولسىمۇ ، ناھايىتى نۇرغۇن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بېلەت ئېلىش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز .... .ئوقۇشۇمچە ئۇنداق كونسېرتلارنىڭ ھەر كۈنلۈك بېلىتى چەكلىك بولارمىش ، ئۇنداق قىلمىغاندا تاماشىبىنلار بەك جىق كېلىۋېلىپ باس - باس بولۇپ كېتىدىكەن .

كورىيانلار مىللەتنىڭ ئەنئەنە تەربىيىسىگە مائارىپنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . مەسىلەن ، بىر جۇڭگولۇق ساياھەتچى كورىيىنىڭ ناھايىتى يىراق بىر يېزىدىكى كۇلالچىلىق موزېيىدا نۇرغۇن ياش ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى يېتىلەپ ئەكىلىپ ، موزېيدىكى تەۋەررۈكلەرنى بالىلىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ . كورىيىدىكى ئاۋام پۇقرانىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىغا ئىپتىخارلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلادلارغا شۇ ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن مەرىپەت تەربىيىسى بېرىدىغانلىقى ھېلىقى جۇڭگولۇق ساياھەتچىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرۈپتۇ . ئەمەلىيەتتە بۇنداق مەنزىرىنى كورىيىنىڭ ھەر قانداق

يېرىدە كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەمما جۇڭگودىچۇ ؟ موزېيلار .دەرۋازىسىنىڭ ئادەتتە چۈلدەرەپ تۇرىدىغانلىقىدىن باشقا موزېيدىكى تەۋرۈكلەرنىڭ توپا-چاڭ ئىچىدە ياتىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلىدۇ . گاھىدا ھۆكۈمەت تەرەپ ئايدا- يىلدا ئۇيۇشتۇرۇپ قالىدىغان ئۆرپ-ئادەت كۆرگەزمىلىرىنىڭ بىلەتى ھەقسىز تارقىتىلىدۇ . ئىدارە- ئورۇنلار خادىملارنى كۆرگەزمە كۆرۈشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ . لېكىن ئۇ يەرگە بارغانلارنىڭ ئالدى كىرىپ كەينى يېنىپ چىقىدۇ .

### ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى بىلمىسىزلىك

يۇقىرىقىدەك بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ھالەتنىڭ ئارقىسىدا ئىككى دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تۇتىدىغان ئىككى خىل پوزىتسىيىسى مۆكۈنۈپ تۇرۇپتۇ .

بۇ بابنىڭ بېشىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېلىقىدەك قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر شىددەتلىك سودا دولقۇنلىرىنىڭ كەلتۈرمىشلىرى ۋە بىزدىكى بۇرنىمىزنىڭ .ئۇچىنىلا كۆرىدىغان كالتە پەملىكنىلا ئەمەس، مۇھىمى ئەنئەنە جەھەتتىكى بىلمىسىزلىكىمىزنى شۇنداقلا ئۇنىڭغا بەكمۇ سەل قارايدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلەيدۇ . چۈنكى ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە كونا قورو-جاي قانداقتۇر ئىسكەتىدىن كېتىپ بولغان ئەسكى ئۆيدىن ، مىڭ ، چىڭ سۇلالىرىغا تەۋە سېپىل شەھەر قاتىنىشقا كاشىلا قىلىۋاتقان بىر دۆۋە توپا-تاشتىن ، كوچا ئويۇنى ، قەغەز قىيمىچىلىقى ، تېرە قونچاق ئويۇنى قاتارلىق قىممەتلىك يۇقراۋى مەدەنىيەت قانداقتۇر قالاقلىق ۋە «فېئودال لىق» نىڭ سىمۋولىدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

دۇرۇس، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـــ «قالاقلىق»ۋە«فېئوداللىق» تىن دېرەك بېرىدۇ .

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بېشىغا ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن كۈلپەتلەر تۈپەيلىدىن ، بىر قىسىم كىشىلەردە «بىزدىكى قالاقلىق ۋە زامانىۋىلىشىش يولىمىزدىكى پۇتلىكاشاڭلارنىڭ مەنبەسى— ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىكەن» دەيدىغان خاتا ئىدىيە شەكىللىنىپ قالدى .شۇنىڭ بىلەن ئۆتمۈشتىن گۇمانلانغۇچىلار :«تارىختا ئۆتكەن خانلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر-تۇمانى يوق يالغان چۆچەكلەر، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىلگىرىكى شانلىق تارىخى-چوپىلىدا تۇرمايدىغان قۇرۇق گەپ» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى .4-ماي ھەرىكىتىدىن كېيىن ،لۇشۈن ،بەي ياڭ قاتارلىق جۇڭگو زىيالىيلىرى كۆپ تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق جۇڭگو مەدەنىيىتىدە ئانىنىڭ تېنىدىكى ئەيدىزگە ئوخشاش «ئەجەللىك كېسەل ۋىرۇسى» نىڭ بار ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەپ چىقتى. لۇشۈن ئۆتمۈشتىن مىراس قالغان جۇڭگونىڭ كونا كىتابلىرى ئاشۇنداق ئەشەددىي ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى دەپ قارىغاچقا، ياشلارنى بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇماسلىققا دالالەت قىلدى. بەي ياڭ «تۇغۇلۇشىدىنلا جياڭيۇ ئىدىشىغا چۈشۈپ كەتكەن شورپىشانە جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئاشۇنداق ‹كېسەللىك ۋىروسى› ئۈزۈل - كېسىل تازىلاپ ، باشقىدىن ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى .

بىرنىڭ كەينىدىن بىرى قوزغالغان ئىجتىمائىي دولقۇنلار ۋەجىدىن ، زىيالىيلار قاتلىمىغا تەۋە يۇقىرىقىدەك پىكىرلەر بارا- بارا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئورتاق ئېڭىغا ئايلاندى . بۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلار شىنخەي ئىنقىلابىدىن تاكى 1949 - يىلىغىچە «ئۆتمۈش پۈتۈنلەي ئۆتۈپ كەتتى، يېپيېڭى زامان يارالدى» ، «جۇڭخۇا مىللەتلىرى قەدىمكى ئۆتمۈشى بىلەن ئۈزۈل- كېسىل خوشلىشىپ ، سۆمۈرۈغقا ئوخشاش يېڭى پەرۋاز قىلىسكەن»، «جۇڭگولۇقلار

كونا ئەنئەنىلەرنىڭ  ھەممىسنى پاچاقلاپ تاشلاپ ،
گويا ئاپپاق قەغەزگە ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىز-
غاندەك باشقىچە ھاياتقا ئېرىشسكەن» دېگەندەك ئارزۇ
- ئارمانلاردا بولۇپ كەلدى .

شۇڭا ئۇ زاماندىكى جۇڭگولۇقلار ئەجدادلىرىدىن
قالغان تەۋەررۇكلەرنىڭ ۋەيراننى چىقارغاندا ئېچىنىش
ئۇياقتا تۇرسۇن ، خوشلۇقىدا قىن- قېنىغا پاتماي
قالغان ئىدى .20 - ئەسرنىڭ50 - يىللىرىغا
كەلگەندە ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سېپىل چېقىش
دولقۇنى قوزغالدى ، شەھەر ئاھالىلىرى «سوتسيالىس-
تىك ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش ئۇلۇغۋار غايىسى» نىڭ
تۈرتكىسىدە كېچە -كۈندۈز دېمەي «ئۆزى خالىغان
مەجبۇرىيەت ئەمگىكى» گە خالىسانە قاتنىشىش ئارق-
لىق ، ئۆزۈنغا بارماي نەچچە مىڭلىغان قەدىمكى سې-
پىللارنى چېقىپ تۈگەتتى  شۇ چاغدا بەزىلەر ھەتتا
بېيجىڭدىكى خان سارىيىنمۇ تۈزلىۋەتمەكچى بولۇشقا-
نىدى1958- يىلى تۈزۈلگەن «بېيجىڭ شەھرىنىڭ
ئومۇمىي لايىھىسى ھەققىدە ئىزاھ» تا «كونا بېيجىڭ
شەھرىنى ئۆزۈل - كېسىل  ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ،
ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قورشاۋ ۋە ئاسارەتلىرى قەتئى بۇ-
زۇپ تاشلىنىدۇ . جۈملىدىن  خان سارىيى ئۆزگەرتى-
لىپ ، چۆرىسىدىكى سېپىل ۋە پەشتاقنىڭ قورشاۋ
تاملىرى بىردەك چېقىپ تاشلىنىدۇ . سېپىل ئېلىۋېتىل-
گەندىن كېين ئۇنىڭ سىرتىدىكى خەندەك ئىككىنچى
ئايلانما يولغا ئۆزگەرتىلىدۇ» دەپ بېكىتىلگەنىدى .
تەلىيمىزگە ئۇ لايىھە تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى .
ناۋادا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن بولسا ، ھازىرقىلار خان
سارىينىڭ سىرتىدىكى بىنەپشە سېپىل ، قىرلىق راۋاق
ۋە خەندەك سېپىلنى ئەبەدىي كۆرەلمىگەن بولاتتۇق .

جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە قارشى تۇ-
رۇش ئىدىيىسى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا كەلگەندە
تازا ئەۋجىگە چىقتى . قىسقىسى،4 - مايدىن تارتىپ
تاكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد
جۇڭگولۇقلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن يىراقلاپ كەتتى
. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېينكى نەچچە ئەۋلات
جۇڭگولۇقلارغا «جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار
ئەنئەنە- دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ، ئۇلاردىن باشقىس-
نىڭ ھەممىسى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق نەرسىلەر»
دېگەن تەربىيە سىڭدۈرۈلدى . بۇنىڭ بىلەن«تۆت
كىتاپ»، «بەش دەستۇر» قاتارلىقلار «زەھەرلىك
چۆپ» قىلىۋېتىلىپلا قالماي ، ھەتتا بېيجىڭ قەدىمي
شەھرىمۇ جىنايەتنىڭ سىموۋۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇل-
دى . بۇنىڭ بىلەن «بېيجىڭ قەدىمى شەھرى فېئودال
ھۆكۈمرانلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىشنى مۇھىم نىشان
قىلغان . شۇڭا ئۇنىڭدىكى ئىمارەتلەر خان سارىيى
يادرولۇقىدىكى ئوردا ۋە ئىبادەتخانىلارنى ئاساس قىلىدۇ
. قەسرنىڭ سىرتىدىكى قاتمۇ قات سېپىللار ئۆزىنى
ھەممىدىن ئەزىز چاغلاپ  ئۆزىنىڭ ھاكىمۇتلەق-
لىقىنى قوغداشنىلا ئويلايدىغان فېودال ھۆكۈمرانلارنىڭ
دېھقانلارنىڭ « ئىسيانلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش قورالى»
دېگەن ئىدىيە ھۆكۈمران  ئورۇنغا ئۆتتى . دېمەك ،
60ياشلار ئەتراپىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىري
كادىرلار ،50 - 40ياشلار چامىسىدىكى زىيالىيلار ،
ئەمدىلا جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ياشلار ، قىسقىسى
، جەمئىيتىمىز تەرەققىياتىنىڭ تىزگىنىنى. ئىلكىدە
تۇتقان نەچچە ئەۋلاد كىشلەرنىڭ ھەممىسى دەل يۇ-
قىرقىدەك تەربىيە ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن . ئوتتۇرا
مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىكى كىلاسسىك ئەدەبىياتقا ئائىت
تېكىستلەرنىڭ ھەممىسگە ئاشۇ بىر نەچچە ئەۋلات
كىشلەرنىڭ ئەنئەنىگە بولغان قارشى مۇجەسسەملەن-
گەن . بۇ بىر نەچچە ئەۋلاد كىشلەرنىڭ نەزەرىدە
كۇڭزى ، مېڭزىلار چىرىك ئەقىدىلەرنىڭ قاتمال قە-
سىدىچىلىرى «ساداقەتمەنلىك ، ۋاپادارلىق ، رەھىمدىل-
لىك ، ئىنساپ - ديانەت» ، «چوڭلارنى ھۆر-

مەتلەپ كىچىكلەرنى ئىززەتلەش» دېگەندەك ھەممىسى قانداقتۇر فېئوداللىق ئەخلاق ئېتىكىسىنىڭ ئىپادىلىرى ، نەسەپ تەزكىرىسى تۈزۈپ ، ئەجدادلارغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش قانداقتۇر چىرىكلىكنى يامرىتىدىغان فېئودال خوراپاتلىق ، چاكىچىلە ، يەرلىك تىياتىر دېگەنلەر قانداقتۇر ھاڭ-ھاڭ دەپ ھاڭراشتىن ئۆزگىنى ئۇقمايدىغان زېرىكىشلىك نەرسىلەر ، «تۈزت ئىدىيە سەككىز ئىتىقاد»، «تەرىقەت تەلىماتى»، «ئىدىئالچىلىق تەلىماتى» قاتارلىقلار قانداقتۇر چۈشەنگىلى بولمايدىغان يات نەرسىلەر ھېساپلاندى .

شۇڭا ، بېيىغان دېھقانلىرىمىز ئالدى بىلەن ئۆزلاق يىللىق تۇرالغۇسنى بۇزۇپ تاشلاپ ئۇننىڭ ئورنىغا مۇز يېغىپ تۇرىدىغان سىمونت ئۆيلەرنى سالدىغان ، نەچچە ئون ئەۋلاد ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تەۋەرۈك ئۆي جاھازىلىرىنى چۈرۈپ تاشلاپ ، .ئۇننىڭ ئورنىغا پەنەركىلىك سايمانلارنى ئالماشتۇرىدىغان بولىۋالدى . شەھەر باشلىقى ، ھاكىم ۋە بازار باشلىقى قاتارلىق رەھبەرلەر «خەلققە بەخت-سائادەت يارىتىش» شوئارى بىلەن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئېرپىرەن قىلىۋېتىپ بارىدۇ . جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىمىز تەۋەرۈك ئوغرىلىرىغا زەربە بېرىش پائالىيەتلىرىدە ئۇنىڭغا ئادەتتىكى بۇلاڭچىلىق ۋە ئوغرىلىق دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلغانچىلىك كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ . ئېلىمىزنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ئەنئەنىۋى بايراملارنىڭ كەيپىياتى بارا - بارا سۇسلىشىپ ، چوڭ - كىچىكنىڭ ھەممىسى گەرچە نېمىلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ رورژدېستۋوغا ئوخشاش ئەجنەبىلەر بايرىمىنى داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ كەتتى . قىسقىسى ،1 مىليارد 300 مىليون جۇڭگوگولۇقتىن زادى قانچىلىكىمىز تارىختا دەھشەتلىك يوقتىشلارغا ئۇچرىغانلىقىمىزنى ھېس قىلالىدۇق ؟ زادى قانچىلىكىمىز مەسئۇلىيەتسىزلىكىمىز ۋەجىدىن ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا نەقەدەر ئېغىر خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلىقىمىزنى تونۇپ يېتەلىدۇق ؟

**بۇزغۇنچىلىقىمىزنىڭ ئاقىۋىتى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ،پۇقراۋى مەدەنىيەتنى قوغداش يولىدا ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بىر زات مۇخبىرغا ھەسرەت بىلەن مۇنداق دېدى :«نوۋەتتە بىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تۇخۇمى قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدۇق .تۇخۇمى قۇرۇپ كەتكەن نەرسىنى قايتا كۆكلىتىش ناھايىتى تەس .مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيتىمىزگە بولغان بۇزغۇنچىلىق تازا ئەۋجىگە چىقتى .بېيجىڭدا نەق 60 يىل تۇرغان بىر چەت ئەللىكنى تونۇيتتىم .ئۇ بۇ يىل 80 گە كىردى .ئۇ ماڭا «مەن بېيجىڭدا بەش ئەۋلاد جۇڭگولۇق بىلەن تونۇشتۇم . مەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن بولۇپمۇ جۇڭگو زىياللىرنىڭ بىلىم دائىرىسى ،ۋەزنى ،ساپاسى ۋە خارەكتېر جەھەتتىن ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم » دېگەنىدى .دېمىسىمۇ 50 يىلدىن بۇيان بىز جۇڭگولۇقلار ئارىسىدىن جۇڭگو بىلەن غەربنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئۇستازلارنى چىقمىدى دېسەكمۇ بولدۇ .4-ماي ھەركىتىنىڭ ئىزچىللىقى ئۈزۈلۈپ ،ئاخىرى مەدەنىيەت مۇنبىرىمىزدە ئادەمنىڭ ھاردۇقىنى چىقارغۇدەك نەرسىلەر قالمىدى .

بۇ زاتنىڭ بايانى ئەنئەننى ۋەيران قىلىش پوزىتسىيمىزنىڭ مىللى مەدەنىيتىمىزنى ئېغىر تالاپەتكە دۇچار قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەردى .

ئەنئەنىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقىمىزنىڭ بىرىنچى ئاقىۋىتى ئۆزىمىزنى كەمستىش تۇيغۇمىزنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدە ئىپادىلەندى .

ۋەتەن دەرۋازىسى ياتلارنىڭ توپ-زەمبىرەكلىرى بىلەن ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن ،بىزنىڭ ئەجنەبىيلەر ئالدىدىكى پوزىتسىيمىز ئۆزىمىزنى قارىغۇلارچە چوڭ تۇتۇشتىن

بىراقلا ئۆزىمىزنى قارىغۇلارچە پەس كۆرۈشكە ئالماشتى. يەنە كېلىپ بۇنىڭغا« مەدەنىيەت ۋىرۇسى تەلىماتى» نەزەرىيۋى ئاساس بولۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن«بىز خەق ئەسلىدە تۇخۇمىمىزدىنلا ئەجنەبىلەرگە يەتمەيدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ ھە دېسىلا ئىلگىرى كېتىپ بىزنىڭ ئارقىدا قېلىشىمىز بىكار ئەمەسكەن» دېگەن ئويغا كەلدۇق.

ھەر كۈنلۈك تېلېۋىزىيە خەۋىرىدىن ياۋرۇپا-ئامېرىكا سىياسيۇنلىرىنىڭ كاستۇم-بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ يۈرگەنلىكىنى،يۇمۇلاق شىرە يېنىغا قاتنىشىۋاتقان ئەرەب ئەللىرى كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئۇزۇن پەرەنجە ۋە ئاق تەقىيە كىيىۋالدىغانلىقىنى،ئافرىقا ئەللىرى باشلىقلىرىنىڭ يېشىل تون كىيىپ چەت ئەللەرنى زىيارەت قىلىۋاتقانلىقىنى،ھىندىستان پرېزدېنتىنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلارنى پىل مىنگەن ھۆرمەت قاراۋۇللىرى بىلەن قارشى ئېلىۋاتقانلىقىنى،ياپۇن ئاياللىرىنىڭ ئۇچىسىغا كىمونو كىيىپ كۆرۈنگەنلا كىشىگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىۋاتقانلىقىنى... قىسقىسى،دۇنيادىكى ئەنئەنىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلغان مەدەنىيەتلىك چوڭ ئەللەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان روشەن مەدەنىيەت بەلگىسى بىلەن ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرىمىز.

پەقەت دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمي ئەلنىڭ پۇقرالىرىدىن بولمىش بىز جۇڭگولۇقلار دۆلەت مۇراسىملىرىنىڭ ھەممىسىدە پۈتۈنلەي ”خەلقئارا ئۆلچەم“ بويىچە ئىش كۆرۈپ،ئۇچىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ مىللىچە كىيىملىرىنى كىيمەيدىغانلىقىمىز ئۇچۇن،خاسلىقتىن مەھرۇم قېلىۋاتىمىز.

ئەنئەنىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقىمىزنىڭ ئىككىنچى ئاقىۋىتى مىللى تەرەققىياتىمىزدىكى مەۋقەسىزلىك ۋە ئىجدىمائى ئېتىكا ھەققىدىكى قىممەت قارىشىمىزنىڭ ئېغىر قالايمىقانلىشىپ كېتىشىدە ئىپادىلەندى.

خۇۋ رىنجى ئاقساقال بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆتمۈشنى ئۇنتىغان ئادەمنىڭ ئەسلىمىسى بولمايدۇ،ئەسلىمىسى بولمىغان ئادەم مۇكەممەللىكتىن مەھرۇم قالىدۇ-دە،ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.مىللەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش،ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مىراسىنى چۈشەنمىگەن مىللەتنىڭ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى راۋاجلاندۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.»

دېمەك،بىز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» چۈشى بەربات بولغاندىن كېيىن،كۈرەش قىزغىنلىقى ۋە ئەنئەنىنىڭ ھىماتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنى بايقىدۇق.« قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي،باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش» دېگەندەك غايىۋى شوئارلارنى ئاغزىمىزدىنلا تۇۋلىدۇق-يۇ،لېكىن ” ئاددىي-ساددا ۋە كەمتەر بولۇش “ تەك ئەقەللىيلىكنى ئاللىقاچان تارىخنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا چۆرۈپ تاشلىۋەتتۇق.ئەخلاقنىڭ ئۇنۇملۇك كونتۇرۇللىقىدىن ئايرىلغان بازار ئىگىلىكىمىز چىرىكلىك ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، ئەخلاق جەھەتتە بەربات بولۇشقا يۈزلەندى.ئىقتىساد قانچېكى گۈللەنگەن جايلاردا ئوغرىدىن ساقلىنىش دېرىزىلىرىنى شۇنچە ئېگىز ۋە پۇختا ياساشقا مەجبۇر بولدۇق.بازاردىكى مەتە چۈشكەن گۆرۈچ،سوپۇن پاراشوكى ئارىلاشتۇرۇلغان پىلتە قۇيماق دېگەنلەر بىلەن بىر-بىرىمىزگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشكە باشلىدۇق.

ئەنئەنىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقىمىزنىڭ ئۈچىنچى ئاقىۋىتى ياشلارنىڭ ئەجدادلاردىن مىراس قالغان قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقىدىن ياتلىشىپ كېتىشىدە ئىپادىلەندى. مەدەنىيەت تارقىتىش كۆز بىلەن كۆرۈپ،قۇلاق بىلەن ئاڭلاش جەريانىدۇر.شۇڭا ئۇ بەلگىلىك مۇھىت ۋە شارائىتقا مۇھتاج.ھالبۇكى،ياشلىرىمىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ،ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھىر ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قال-

دى .شۇڭا ،ئۇلار ئەجنەبىلەرنىڭ «ئاشىق ـ مەشۇقلار بايـ-
رىمى» نى بىلىدۇ ـ يۇ ،لېكىن ،شەرقلىكلەرنىڭ 7 ـ ئاي-
نىڭ 7 ـ كۈنىدىكى يىگىت ـ قىزلار جەم بولۇش بايرى-
مىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقمايدۇ ،ئۇلار ئۈزىچە سىمفونىيەلەر-
نى ئاڭلاپ كېتىدۇ ـ يۇ ،لېكىن ئېزىپ ـ تېزىپ چاڭچىلە
ئاڭلاپ قويۇشنى خالىمايدۇ ،ياش سەنئەتكارلار ھە دې-
سىلا غەرب سەنئىتىنىڭ چوققىسىغا چىقىشقا ئىنتىلىپ،
ئەجنەبىيلەرنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۇ-
چۈن تىرىشىدۇ ـ يۇ ،لېكىن ئەنئەنىۋى سەنئەت ئۇستىدە
كاللا قاتۇرۇپ بېقىشنى خالىمايدۇ .مۇشۇنداق كېتىۋەر-
سە بارا ـ بارا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ياتلىشىپ ،ئۈزى-
مىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ياشلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە
« باشقىلارنىڭ نەرسىسى» گە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ
بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ نەسلى قۇرۇپ كې-
تىدۇ ،دېگەن گەپ.

### كورىيانلار بىزگە شۇنى تونۇتتى

كورىيانلار بىلەن ئۇچراشقان چېغىمىزدا ،ئۇلاردىكى
مىللەت ئىپتىخارلىقى تۇيغۇسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك
ئىكەنلىكىنى ئالدى بىلەن بايقايسىز .ئۇلاردىكى بۇ خىل
ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش
جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللەت
تارىخى ۋە مىللەت مەدەنىيىتىگە بولغان سۆيۈنۈشلىرى-
نى مەنبە قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ، باشقا ئەل خەلقلىرى كورىيانلارنى
ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى بەكلا كۆپتۈرۈۋېتەمدى-
كىن ،دەپمۇ قالىدۇ .مەسىلەن، بىر جۇڭگولۇق يەنە
كورىيان بىلەن پاراڭلىشىپ قالغۇدەك بولسا ،ھېلىقى
كورىيان ئۆز مىللىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ يېزىقىنى ،مىخ مەت-
بەئىنى ،ياپۇن قاراقچىلىرىغا زەربە بېرىشتە تاشپاقىسىمان
كېمىنى كەشىپ قىلغانلىقىنى زوقلىنىپ سۆزلەپ بې-
رىدۇ؛ئۇلۇغ مىللى قەھرىمانلىرىدىن لى شۇنچېن ،ئەن
چوڭگېنلارنى ،شەرقنىڭ كۆكزى ـ مېڭزىسى دەپ تەرىپ-
لىنىدىغان مۇتەپەككۇرلىرىدىن لى تۇيشى ،لى لىگۇلار-
نى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ .كورىيانلارنىڭ ھەممى-
سى دېگۈدەك كورىيە مەدەنىيىتىنى دۇنيادىكى ئەڭ
ئېسىل ۋە ھاياتىي كۈچى ئەڭ زور مەدەنىيەت دەپ،
كورىيانلارنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق مىللەت دەپ
بىلىدۇ .كورىيانلار ئېھتىمال ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئى-
شىنىدىغاندۇر .لېكىن ئۇلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەن-
ئەنىسىدىن پايدىلىنىپ مىللەت روھىنى ئۇرغۇتۇش
جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلماي بولماي-
دۇ.

كورىيىگە بېرىپ باققانلار ئۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ
تۇرالغۇلىرىدا ئوغرىدىن ساقلىنىش ئىشكى ،قوغدىنىش
رىشاتكىسى دېگەنلەرنىڭ يوقىنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىدىن
ئۇلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى ۋە جەمئىيەت تەرتىپى-
نىڭ زادى قانداقلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ؛ كىشىلەرنىڭ
روھى ھالىتىدىن كورىيىنىڭ ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋە ما-
ئارىپتا ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى جەزىم-
لەشتۈرەلەيدۇ .دېمەك ،بۈگۈنكى كورىيە ئىسمى ـ جىس-
مىغا لايىق« ئەدەپ ـ يۈسۈنلۈق ئەل» دۇر.

كۆڭزى تەلىماتى ئەنئەنىسى كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى رۇشەن رول ئوينىدى .يە-
نى ،«خەنجياڭ مۆجىزىسى» نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە
ئەگىشىپ ،كورىيانلار كۆڭزى ئېتىكىسىنىڭ جەمئىيەت
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رولىغا ئىگە
ئىكەنلىكىنى تەدرىجى تونۇپ يەتتى؛ كورىيە زىيالىلىرى
ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ پۈتكۈل
جەمئىيەتنى ئۇيۇشتۇرۇپ ،خەلقنىڭ قۇدرىتىنى ئاشۇ-
رىش ،دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا پايدىلىق ئىكەن-
لىكىنى بايقىدى .شۇڭا ،مانا ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى كو-
رىيە تەتقىقاتچىلىرى«كورىيىدىكى تېز تەرەققىياتنىڭ
مۇھىم سەۋەبكار ئامىلى ـ كۆڭزى ئېتىكىسىدۇر» دېگەن
ئورتاق تونۇشقا كەلدى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنتىقىسى بويىچە بولغاندا، كورىينىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش مەنزىلىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك قەدەم قويالىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆتمۈش بىلەن ئۇزۈل-كېسىل خوشلىشىپ، «فېئوداللىق مەدەنىيەت»نى گويا جۇڭگولۇقلاردەك قەتئىي نىيەت بىلەن پاچاقلاپ تاشلاپ، پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن يېپيېڭى تۈس بىلەن ياۋروپا-ئامېرىكا پەدىسىگە چۈشەلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى لازىم ئىدى.
بىراق، بىز «فېئوداللىق»، «قالاقلىق» دەپ بىلىپ ئاللىقاچان چۆرۈۋەتكەن شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئەنئەنىلەرنىڭ كورىيىدە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى نەدىن بىلەيلى!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن :

«مىراس» ژۇرنىلى« مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال»،« مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال »، « شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى . ژۇرنىلىمىزدىكى« ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلار، «ئادەت قېرىماس»سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر،«يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر ،«كۆلكە— جان ئوزۇقى»سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە - يۇمۇرلار،«ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ- مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر،«ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر،«مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقى رەنالاردىن قىلىپ تەربىيلەش توغرىسىدىكى ئۈگۈتلەر،«چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ .

قىسقىسى ،« مىراس » ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننەما، ئالىملارغا بايلىق ، ئاشىقلارغا ۋىسال ، ئاتا-ئانىلارغا مەسلىھەت ، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ ، قىزلارغا شەرم -ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل - پاراسەت ، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا شىپا بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2008-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۇك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار-يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز

ھۆرمەت بىلەن :«مىراس » ژۇرنىلى تەھرىراتى



# شۋېتسىيە مائارىپ سىستېمىسىغا بىر نەزەر



زۇلھايات ئۆتكۈر

شۋېتسىيە مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ھەر بىر ئوقۇغۇچى جىنسىي ئايرىمىسى، ئىرقىي تەۋەلىكى ياكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر باراۋەر بولغان مائارىپتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. نوبېل مۇكاپاتى تەسىس قىلىنغان بۇ دۆلەتتە، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار زېھنىي تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشتىن بەكرەك جەمئىيەتتە يارامسىز كىشىلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىققا سەرپ قىلغان. باشقىچە ئېيتقاندا، شۋېتسىيىلىكلەرنىڭ كۆز قارىشىچە، كۈچلۈكلەر غالىب كېلىدىغان ۋە ئاجىزلار شاللىنىپ قالىدىغان تۈزۈم — دېموكراتىيىنى ياقلىمايدىغان، باراۋەر بولمىغان تۈزۈمدۇر.

مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، بۇ خىل باراۋەر، تەكشى تەرەققىيات يالغۇز مائارىپ سىستېمىسى بىلەنلا ئالاقىدار بولۇپ قالماي، شۋېتسىيە جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى پاراۋانلىق، يۇقىرى باج ۋە ھەقسىز ئوقۇتۇش تۈزۈملىرى بىلەن زىچ باغلانغان. شۋېتسىيىدە ئوقۇغۇچىلار يەسلىدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگۈچە ھەقسىز مائارىپتىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ھەرقانداق مەكتەپكە كىرىش ئۈچۈن لاياقەتلىك ئىمتىھانى ئېلىنمايدۇ. پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى نەتىجىسى ئاساس قىلىنىپ مەكتەپلەرگە ئۆز ئارزۇسى بويىچە قوبۇل قىلىنىدۇ. بالىلار ھەرگىزمۇ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەشكە قۇربى يەتمەسلىك، جىسمانىي ئاجىزلىقى، ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئىمتىھاندا تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قېلىش ياكى باشقا بېسىملارنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان مەكتەپلەرگە كىرەلمەسلىك ئەھۋاللىرى مەۋجۇد بولمايدۇ.

ئۇنداقتا ئوقۇغۇچىلار مائارىپنى قايسى خىل ئۇسلۇبتا قوبۇل قىلىدۇ؟

شۋېتسىيە مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىشتىن باشقا يەنە ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسى بېرىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسدا ئىش بېجىرىشنى ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئۇچۇر مەنبەسىنى تېپىشقا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئوقۇغۇچىلار سىنىپتا ئوقۇتقۇچىدىن كۆپرەك پىكىر قاتناشتۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنى مۇنازىرىگە تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇلارنى مەسىلىگە نىسبەتەن ئىنكاس قايتۇرۇپ نەتىجە چىقىرىشقا ئاندىن ئۆز جاۋابلىرى ئاساسدا چۈشەندۈرۈش، مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيدۇ. چۈنكى بىلىم ئىگىلەشنىڭ نوقۇل قېلىپى يوق، ئۇ دەلىللەش، ھېس قىلىش، ئىگىلەش، جەزم قىلىش شەكىللىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى بىرلا ۋاقىتتا بۇ خىل ئوخشىمىغان بىلىم ئىگىلەش شەكىللىرىنىڭ

ھەممىنى سىناپ كۆرۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

**باشقۇرۇش شەكلى**

پارلامېنت قارمىقىدىكى مائارىپ مىنىسترلىكى -شۋېتسىيىنىڭ ئالىي مائارىپ باشقۇرۇش ئورگىنى بولۇپ، پارلامېنتقا ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتى سۇنۇش قاتارلىق قانۇن تۈزۈم ۋە سىياسەت خاراكتېرلىك تەييارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل. دۆلەتنىڭ مائارىپ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا دۆلەتلىك مائارىپ بيۇروسى (skolverket) مەسئۇل بولۇپ، ئۇ مائارىپ مىنىسترلىكىگە بىۋاستە قارايدىغان ئورگان. ئۇنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى دۆلەتنىڭ مائارىپ قانۇنلىرى ۋە تەلەپ، نىشانلىرىنىڭ يەرلىكتە تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش بولۇپ، مەكتەپلەر ئۈستىدىن تەكشۈرۈش، باھالاش ئېلىپ بېرىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئوتەيدىغان بولۇپ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز -ئۆزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

يەرلىكتە بولسا ھەرقايسى شەھەرلىك ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر مائارىپ مىنىسترلىكى بەلگىلىگەن قانۇنلار ئاساسىدا مەكتەپلەر ئۈستىدە مائارىپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدۇ. مەكتەپلەر بولسا مائارىپ بيۇروسى بەلگىلىگەن ئوقۇش پىلانى، دەرسلىك تېزىسى ۋە ئوقۇتۇش نىشانىغا چوقۇم يېتىشى كېرەك. ھەرقايسى شەھەرلىك ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەخسۇس



تەشكىللىگەن كومىسسىيونلىرى بولۇپ، ئۇلار يىلدا بىر قېتىم مەكتەپلەرگە بېرىپ بىر ھەپتە ئەتراپىدا تەكشۈرۈشتە بولىدۇ. ئۇلار ئايرىم- ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى زىيارەت قىلىدۇ ۋە دەرسخانىلارغا كىرىپ دەرس ئاڭلايدۇ. ئاندىن بۇ توغرىسىدا تەپسىلىي نازارەت دوكلاتى يېزىپ ئۇنى خەلق ھۆكۈمىتى تور بېتىگە قويۇپ بېرىدۇ. يەنە مۇھىت ئىدارىسىمۇ يىلدا بىر قېتىم مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مۇھىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ دوكلاتىنى توردا تارقىتىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل دوكلاتلار ئارقىلىق مەكتەپلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا خەلق ئاممىسى مەكتەپلەرنى بىۋاستە نازارەت قىلىدۇ، بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە خەلقنىڭ دېموكراتىك ھالدا مەكتەپ تاللاش مۇمكىنچىلىكىنى ئۈستۈرىدۇ.

**مەكتەپلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى**

شۋېتسىيىدە 9 يىللىق مەجبۇرى مائارىپ يولغا قويۇلغان بولۇپ، بالىلار 1—5 ياشقىچە يەسلىگە بارىدۇ، 6-7 ياشقىچە تەييارلىق سىنىپىغا بارىدۇ، 7—16ياشقىچە ئاساسىي مەكتەپ (1-يىللىقتىن تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 9-يىللىقىغىچە) كە بارىدۇ. 17ياشتىن 19 ياشقىچە تولۇق ئوتتۇرا يەنى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە بارىدۇ. ئاندىن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇسا بولىدۇ. ئۇنىدىن باشقا شۋېتسىيىنىڭ چوڭلار مائارىپىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. يىلدا ئىككى ئوقۇش مەۋسۇمى بولۇپ ھەر پەسىلدە بىر قېتىم تەتىل بولىدۇ.

**يەسلىلەر**

شۋېتسىيىدە بالىلار ياشقا توشقاندىن باشلاپ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئولتۇراق رايون تەۋەلىكىگە قاراپ ئۆيگە يېقىن جايدىكى يەسلىلەرگە قوبۇل قىلى-



ندۇ ياكى ئۈچرەتكە تىزغۇزۇپ قويۇلىدۇ. يەسلىلەر بىرقانچە خىل بولۇپ كۆپ ساندىكى بالىلار بارىدىغانى بالىلار باغچىسى بولۇپ، بۇ يەردە 1 ـ 5 ياشقىچە بالىلار تەربىيىلىنىدۇ. يەسلىلەرنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش نىشانى بالىلارنى ئۆزى مۇستەقىل ھالدا جاۋاب تېپىشى ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشتۇر. يەسلى مائارىپى ئويۇن، بالا تەربىيىلەش ۋە بىلىم بېرىش بىر گەۋدىگە ئايلانغان مائارىپتۇر. شۋېتسىيە مەكتەپلىرىدە ئويۇن ئويناش -بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ،دەپ قارىلىدۇ. ئويۇن ئارقىلىق بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش، ياشاش، ئىقتىدارى شۇنداقلا ھۆكۈم قىلىش، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىقتىدارىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئاتاقلىق ئىنگلىز پەيلاسوپى جون لوكمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق ئېيتقان: «بالىلار ئويۇن ئارقىلىق بىلىم ئېلىشى كېرەك، چۈنكى ئويۇن ئارقىلىق ئۇلار ئۆز ئاكتىپچانلىقىنى يېتىلدۈرۈپ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئىگە بولىدۇ، بۇ بالىلارنى بىلىمگە قىزىقتۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى». يىغىنچاقلىغاندا يەسلى مائارىپى بالىلارغا بىر خىل كۆڭۈللۈك، بەختىيار ھەم قىزىقارلىق تۇيغۇ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بالىلار يەسلىدە ياش ئايرىمىسىغا قاراپ گۇرۇپپىلارغا ئايرىلغان بولۇپ ھەسەل ھەرىسى گۇرۇپپىسى، خانقىز گۇرۇپپىسى، يىلپىز گۇرۇپپىسى دېگەندەك چىرايلىق ناملىرى بار. بۇ يەردە بالىلار بەزى كۈنلىرى گۇرۇپپىلار ئىچىدە پائالىيەت قىلسا بەزىدە گۇرۇپپىلار ئۆزئارا بىرلىشىپ، ھەر خىل ياشتىكى بالىلار ئارىلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بالىلارنىڭ كىچىكىدىنلا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە، باشقىلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ بالىلارنىڭ پائالىيىتىدە تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى ئەڭ كۆپ بولىدۇ. يەسلىدە بالىلار ئاز دېگەندە ھەپتىدە بىر قېتىم ھاۋانىڭ قانداق ناچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئورمانلىققا بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە بەزىدە يوپۇرماق يىغسا بەزىدە تۈرلۈك ھايۋانلارنى كۆزىتىپ كېلىدۇ. ئاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاشۇ يىغقان يوپۇرماقلىرى بىلەن ئۆز قوللىرىدا تۈرلۈك گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساپ چىقىدۇ. شۋېتسىيە سەنئەتكە ناھايىتى چوڭ كۈچ سەرىپ قىلىدىغان دۆلەتلەردىن بىرى بولۇپ، ھەتتا يەر ئاستى تۆمۈر يوللىرىنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەنئەت مۇزېيى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان سەنئەت نامايەندىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا شۋېتسىيە مائارىپى بالىلارنىڭ كى-





چېكىدىنلا سەنئەت تۈيغۇسىنىڭ يېتىلىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىككىنچى خىلى، ئۈچۈق شەكىلدىكى يەسلى بولۇپ ئائىلىدە بالىغا قاراش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك رۇخسەت ئالغان، خىزمەتكە بارمايدىغان ئاتا-ئانىلارغا ماس كېلىدۇ. بۇ خىل يەسلىلەرگە ئاتا-ئانا ۋە بالىلار بىرلىكتە بارىدۇ ۋە بىرلىكتە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل يەسلىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، پائالىيەت قىلىش ۋاقتى قىسقىراق بولۇپ، بالىلار ئويۇنلىرىنى ئويناش، ناخشا ئۆگىنىش ۋە تاماق ئېتىش، پىشۇرۇق پىشۇرۇش ۋە باشقا پائالىيەتلىرى بولىدۇ. بۇلارنىڭ پائالىيىتى ئادەتتە يېرىم كۈن ئەتراپىدا داۋاملىشىدۇ. بالىلارمۇ باشقا بالىلار بىلەن ئۇچرىشىپ بىللە ئوينىيالايدۇ، ئاتا-ئانىلارمۇ باشقا ئاتا-ئانىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۇچۇر ئېلىش، يېڭى تاماق رېتسېپلىرىنى ئۆزئارا ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، ئائىلىۋى يەسلى بولۇپ، بالا باققۇچى 10-15 بالىغا ئۆز ئۆيىدە قارايدۇ، بۇ خىل يەسلىلەرمۇ مائارىپ بيۇروسىنىڭ تەلىپى بويىچە پېداگوگىكا ئۆلچىمىدە بالا تەربىيىلەشنى نىشان قىلىدۇ.

**تەييارلىق سىنىپى**

تەييارلىق سىنىپىدا بولسا بالىلارغا يەنىلا ئويۇننى ئاساس قىلغان ئاساستا، ئۇلارغا مۇستەقىل ياشاش ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈش ۋە مەكتەپ بىلەن يەسلىنىڭ پەرقلىندىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش، كۆزىتىش، سۆزلەش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئۆز قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈپ چىقىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى نىشان قىلغان. ماتېماتىكا دەرسىدە بالىلارغا ھەرخىل گېئومېترىيىلىك شەكىللەر ۋە جىسىملار ئارقىلىق بالىلارنى تەدرىجىي ھالدا سان-ساناق ۋە ھەرپلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ باسقۇچتا بالىلارنىڭ بىردىن ئونغىچىلىك سانىيالىشى ۋە مىقدار ئۇقۇمىنى ئىگىلىشى، سائەتنى تونۇشى نىشان قىلىنىدۇ. تىل دەرسىدە بولسا بالىلارنىڭ زېھنىنى ئېچىش ۋە ئەركىن پىكىر قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ بالىلارنى تىياتىردا رول ئېلىپ ئوينىتىش، بالىلارغا ئۆزلىرى خالىغان بىر ھېكايىنى قەغەز يۈزىدە سىزدۇرۇپ چىقىش، بەزىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلەپ بەرگەن چۆچىكىنىڭ ئاخىرىنى خالىغانچە داۋاملاشتۇرۇپ سۆزلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردە ئۆتىلىدۇ. بالىلارنى يەنە مىللىي روھتا تەربىيىلەش ۋە مىللىي ئەن-ئەنەسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە خرىستىئان دىنى بايراملىرىدا چېركاۋنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش، دىنىي بايراملار تېما قىلىنغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى ياستىش، كېسىش، چاپلاش ئارقىلىق بايراملارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرۈش- شۋېتسىيە



مەكتەپلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئوقۇتۇش مەزمۇنى. باشقا دىندىكى بالىلار بولسا خالىسا چېركاۋغا بارىسىنى يول قويۇلىدۇ.

### ئاساسىي مەكتەپ

يەنى جۇڭگودىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ قوشۇلمىسى بولۇپ، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئاساسىي مەكتەپلەردىن باشقا يەنە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى مەكتەپلەر ۋە مېيىپ بالىلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئالاھىدە مەكتەپلەر بار. بۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدىلا مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ دەرس پىلانى بىردەك ئىجرا قىلىنىدۇ. خۇسۇسىي مەكتەپلەر ئىش بېجىرىش جەريانى تېخىمۇ تېزرەك بولۇش ۋە ئىقتىسادنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئالاھىدىلىككە ئىگە. خۇسۇسىي مەكتەپلەردىمۇ ھەقسىز ئوقۇش يولغا قويۇلغان. بارلىق ئوقۇغۇچىلار، يەنى مەيلى شەھەر بولسۇن ياكى يېزا قىشلاق بولسۇن، ئوخشاش بولغان سائەتلىك پىلان بويىچە دەرس ئاڭلايدۇ. دەرس ئۆتۈش ئۇسلۇبى يەنە ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ يەرلىك ئوقۇتۇش پىلانى بويىچە ئۆز ئالدىغا ئۆتۈلىدۇ. بارلىق ئوقۇغۇچىلار شۋېت تىلى ئەدەبىياتى، ئىنگلىزچە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، دىن ۋە جەمئىيەت بىلىملىرى، بىئولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، تېخنىكا، رەسىم، ئائىلە باشقۇرۇش بىلىمى، ساغلاملىق ۋە تەنتەربىيە، مۇزىكا، توقۇلما بۇيۇم ھۈنەرۋەنچىلىكى، ياغاچچىلىق ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە يەنە بىر خىل چەتئەل تىلى مەسىلەن، ئىسپانچە، نېمىسچە قاتارلىق دەرسلەرنى مەجبۇرى ئوقۇيدۇ. تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرس قاتارىدا بولسا ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تولۇق ئوتتۇرىغا چىققانىدا ئوقۇشنى پىلانلىغان كەسىپ ئەھلى بولۇشنى خالىغان بىرەر دەرسنى چوڭقۇرلاپ ئوقۇسا بولىدۇ. شۋېتسىيە مەكتەپلىرىدە باشلانغۇچتىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچىلىك دەرسلىك كىتابلار بىكارغا تارقىتىلىدۇ. لېكىن بۇ كىتابلارنى ئوقۇغۇچىلار يۇقىرى يىللىققا كۆچكەندىن كېيىن كېيىنكى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا قالدۇرۇلىدۇ. ھەر بىر سىنىپتا تۈرلۈك لۇغەتلەر، ئەدەبىي كىتابلار كىتاب ئىشكابىغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قويۇپ قويۇلىدۇ. مەكتەپلەردە كومپيۇتېر مېدىئا ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ، كومپيۇتېر زالىدىن باشقا كارىدورلارغىمۇ كومپيۇتېر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۋېتسىيىنىڭ تور ئوقۇتۇشى تەرەققىي قىلغان بولۇپ بارلىق مەكتەپلەرنىڭ تور ئادرېسى بار. كۆپ قىسمىدىكى مەكتەپلەر ئېلان-ئۇقتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى توردا ئاتا-ئانىلارغا خەۋەر قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ تاپشۇرۇقلىرىنى توردا يوللاپ، نەتىجىسىنى توردىن كۆرىدۇ. يەنە بىر تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۋېتسىيىدە شەخسىنىڭ مەخپىيەتلىكىگە ۋە خۇسۇسىي ئىشلىرىغا يۈكسەك ھۆرمەت قىلىنغان بولۇپ، باشلانغۇچتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپلەرگىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى بىر-بىرىگە ئاشكارىلانمايدۇ ھەم دەرىجىگە تىزىپ رەتكە تۇرغۇزۇلمايدۇ. يىلدا مەۋسۇم باشلانغاندا بىر قېتىم كوللېكتىپ ئاتا-ئانىلار يىغىنى ئېچىلىدۇ ۋە مەكتەپ توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇچۇر بېرىلىدۇ، بۇ يىغىن ھەر زامان كەچلىك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر مەۋسۇمدا بىر قېتىم ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ ئوقۇغۇچىنىڭ مەۋسۇملۇق نەتىجىسى شۇ چاغدا ئۆزىگە ئۇقتۇرۇلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇش پىلانى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پىلانىنى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى كېلىشىپ بىرگە تۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ خىل كۆرۈشۈشكە ئاتا- ئانا، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى بىردەك ئىشتىراك قىلىدۇ.

ئاساسىي مەكتەپ باسقۇچىدا كۆپ ھاللاردا ئوقۇغۇچىلارنى مەلۇم تېما ئاساسىدا تەكشۈرۈش تەتق-

قات ئېلىپ بېرىشقا ۋە سىنىپتا بۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش شەكلىدە دەرس ئۆتۈلىدۇ. بۇنىڭغا بىر مىسال ئالساق، مېنىڭ ئوغلۇم باشلانغۇچنىڭ 1-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۇلار ″ئۆچكە″دېگەن تېمىدا بىر ئاي ئەتراپىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. دەسلەپكى ھەپتىسى ئۇلارغا ئۆچكىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپتۇ ۋە ئۆچكىنىڭ قانداق مۇھىتتا ياشايدىغانلىقى، نېمىلەرنى ئوزۇق قىلىدىغانلىقى، بالىلىرىنىڭ ۋە ئەركەك چىشىسىنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى سىنىپتا چۈشەندۇرۇپتۇ. ئىككىنچى ھەپتىسى ئۇلارنى «ئارلا»ماركىلىق بىر داڭلىق سۈت مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ قارمىقىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا باشلاپ ئاپىرىپتۇ. بالىلار ئۇ يەردە تراكتورغا چۈشۈپتۇ، ئۆچكىلەرنى سىغىپ كۆرۈپتۇ ۋە سۈت يېمەكلىكلىرى بىلەن مېھمان قىلىنىپتۇ. ئۈچىنچى ھەپتىسى ئۇلار بالىلارغا بىر دېھقانچىلىق فېرمىسىنىڭ قەغەزدىن ياسالغان مودېلىنى قۇراشتۇرۇشقا تاپشۇرۇق بەردى. ئۇنىڭغا ئائىلىدە بىزمۇ ياردەملەشتۇق. شۇنداق قىلىپ ئاڭ ئاخىرقى ھەپتىسى مەكتەپتىن بالىلارغا ئۆچكىدىن قانداق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى ۋە ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ دېگەن تېمىدا بىر ۋاراق تاپشۇرۇق بېرىلدى ۋە بۇنى كېلەركى ھەپتە تاپشۇرۇشقا ۋاقىت بېرىلدى. دېمەك بۇ يۇقىرىدىكى مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئويلاندۇرۇش، ھەرىكەت قىلدۇرۇش، قولىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەقلىي، ھېس تۇيغۇ، ئەمەلىيەتچانلىق ۋە ئېستېتىكا تۇيغۇ ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن.

شۋېتسىيەدە يەسلىدىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچىلىك ھەر كۈنى چۈشتە بىر ۋاق تاماق بىكارغا بېرىلىدۇ. تۆۋەن يىللىقتىكى سىنىپلارغا چۈشتىن كېيىن يەنە بىر ۋاخ تېز تاماق بېرىلىدۇ. لېكىن جۇڭگو مەكتەپلىرىدىكىدەك ئۇزۇن چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولمايدۇ.

ئاساسىي مەكتەپلەردە دەرسلەر ئادەتتە سائەت 8 دىن 13 كىچىلىك بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار ئائىلىگە قايتىسمۇ بولىدۇ ياكى ئاتا ئانىلىرى ئائىلىدە قاراشقا ئىمكانى بولمىغان بالىلار يەنە بىر خىل پېداگوگىكا گۇرۇپپىسى بولغان fritidsناملىق بۆلۈمگە بارسا بولىدۇ. بۇ خىل بۆلۈملەر ھەر بىر مەكتەپتە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەردە مەخسۇس تەربىيەلەنگەن پېداگوگىكا خادىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەر خىل تەنتەربىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭغا ئوقۇغۇچىلاردىن ئائىلىۋي كىرىمىنىڭ ئىككى پىرسەنتى بويىچە ھەق ئېلىنىدۇ، كىرىمى تۆۋەن بولغان ئائىلىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ.

### تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

شۋېتسىيەدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەجبۇرىي مائارىپ ئەمەس. لېكىن 90پىرسەنت ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى مەكتەپ دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ئاساسىي مەكتەپلەرگە ئوخشاش تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە بىردەك مائارىپ بيۇروسىنىڭ كۇرسەتمىسى ۋە ئۆلچىمى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. شۋېتسىيەدە كۆپ ساندىكى مەكتەپلەر كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا شەكلىنى ئالغان بولۇپ، ئۈچ يىللىق مۇددەتتە ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتكە چىقىپ بىۋاستە خىزمەت قىلغۇدەك مۇكەممەل ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ، ۋە مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا ئۆز لىنيىلىرى بويىچە ئىش ئىزدەيدۇ. 2005-يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا شۋېتسىيە بويىچە ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇيدىغانلار ئاران % 43

بولغان. شۋېتسىيەدە تولۇق ئوتتۇرنى لاياقەتلىك پۈت-تۈرگەنلەرگە ستۇدېنتلىق ئۇنۋانى بېرىلىدۇ.

ھەرقايسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى تەسىس قىلىنغان كەسپلەر ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئوقۇغۇ-چىلار ئۆز قىزىقىشى ۋە ئارزۇسى بويىچە مەكتەپلەرنى تاللاپ توردا ئىلتىماس قىلىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەك-تەپلەرگە كىرىش ئۈچۈن بىر تۇتاش دۆلەتلىك قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئېلىنمايدۇ. شۋېتسىيەدە لاياقەتسىز، لاياقەتلىك، ياخشى، ئەلا دىن ئىبارەت تۆت خىل نەتىجە دەرىجىسى يولغا قويۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 9- سىنىپتىكى ئاساسىي پەنلەر يەنى ماتېماتىكا، شۋېت تىل- ئەدەبىياتى ۋە ئىنگلىزچە نەتىجىسى لايا-قەتلىك بولسىلا يېتەرلىك. ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قى-لىش ئىشلىرىغا ئوتتۇرا مەكتەپ قوبۇل قىلىش ئىشخا-نىسى بىر تۇتاش مەسئۇل بولۇپ ھەرقايسى مەكتەپ-لەرگە شۇ مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار تىزىملىكىنى يوللايدۇ. جۇڭگو مەكتەپلىرىدىكى بوسو-غىسى ناھايىتىمۇ ئېگىز بولغان نۇقتىلىق مەكتەپلەرگە كىرىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان رايون ئاتلاش پۇ-لى، تۆلەم پۇلى دېگەندەك ھەقلەر ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار گېلىنى ئېسىپ قويۇپ بولسىمۇ تۆمەنلەپ پۇل تۆلەشنى خالايدىغان ئەھۋاللار بىلەن سېلىشتۇر-





غاندا شۋېتسىيەدە ئوقۇغۇچىلار تېخىمۇ كەڭ تاللاش ئىمكانىيىتىگە ۋە ئۆز قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈش ئىمكانىيى-تىگە ئىگە بولىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 17 تۈرلۈك پروگرامما بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئاساس سالىدىغان كەسپلەردىن ئىبا-رەت. بۇ پروگراممىلارنىڭ ئىچىدە شۋېت تىلى، ئىنگ-لىزچە، دىن، ساغلاملىق ، تەنتەربىيە، جەمئىيەت بى-لىملىرى، ئېستېتىكا، تەبىئەت دەرسلىرى مېغىزلىق كەسپلەر بولۇپ بۇلار مەجبۇرىي ئوقۇلىدىغان دەرس-لەر. قالغان دەرسلەرنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تاللىغان پروگراممىنىڭ خاراكتېرى بويىچە قوشۇپ تاللاپ ئو-قۇيدۇ. بىر سىنىپتا ئادەتتە 18-30 گىچە ئوقۇغۇچى بولىدۇ ۋە ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزلىرى تاللىغان كۇرسلىرىغا ئاساسەن بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان دەرسلىك سېتكىسى بولىدۇ. بىر سىنىپنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇشنى خالايدىغانلار بىلەن تولۇق ئوتتۇرنىلا پۈتتۈرۈشنى خالايدىغانلارنىڭ دەرس-لىك پىلانىمۇ ئوخشىمايدۇ. جۈملىدىن كۇرسلارنى تاللاپ ئوقۇش ناھايىتى ئەركىن ۋە ھەرىكەتچان بو-لۇپ، ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ ئۆز پروگراممىسىنىڭ تەلەپ ئۆلچىمى بويىچە ئومۇمىي نومۇرنى توشقۇزۇپ ئو-قۇسىلا كۇپايە بولىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرىدىكى دەرسلەرمۇ ناھايىتى جانلىق،

ئەمەلىي. ئۆتۈلىدىغان بولۇپ ئادەتتە يۇقىرىدا تىلغا
ئېلىپ ئۆتۈلگەن 17 خىل پروگراممىنىڭ ئىچىدە 15
تۈرلۈك پروگراممىنىڭ ھەر بىرىنىڭ 15 ھەپتىلىك (3
يىل جەريانىدا پراكتىكا جەريانى بولىدۇ. ھەر بىر ئو-
قۇغۇچى بىر يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
ئاخىرقى يىلى ئۆزلىرى تاللىغان بىر خىل تەتقىقات
تېمىسى بويىچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ تاپشۇرىدۇ، بۇ
ئۇلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش نەتىجىسىدە خېلى كۆپ
پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىدە بولسا دەرسلەر نەزە-
رىيىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا بەزىدە فىلىم قويۇش،
ئۈن ئالغۇ ئاڭلاش، مۇزېي، شەخسلەر ۋە باشقا
كۆرگەزمە، مەسچىت، چېركاۋ قاتارلىق جايلارنى زى-
يارەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەردە ئۆتۈلسە، تەبىئىي
پەن كەسپلىرى تەجرىبە ئىشلەش، زاۋۇت، شىركەت-
لەرنى زىيارەت قىلىش ۋە باشقا شەكىللەردە ئوبرازلىق
ئۆتۈلىدۇ.

شۋېتسىيە مائارىپ بيۇروسىنىڭ توردىن ئېلىنغان
بىر پارچە دوكلاتىدا ئۆستېرشۇن شەھىرىنىڭ پالمكرانـ
تېس مەكتىپىنىڭ جەمئىيەت بىلىملىرى دەرسىدىن بې-
رىلگەن بىر قېتىملىق تاپشۇرۇقى ھەققىدە مۇنۇلار
بايان قىلىنغان بولۇپ، ئوخشاش بىر دەرسنىڭ ئوخ-
شىمىغان كەسپلەرگە تەتبىقلىنىشى پەرقلىق بولغان.
جەمئىيەتشۇناسلىق پروگراممىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا شۋېت-
سىيە ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ھەققىدە دېگەن تېمىدا
ئىزدىنىپ كېلىشكە بۇيرۇلۇپ، شۋېتسىيىنىڭ قانداق
قىلىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتىن تەرەققىي قىل-
غان سانائەت دۆلىتىگە ئايلانغانلىقىنى دەلىللەپ بې-
رىشكە ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلارغا شۋېتسىيىنىڭ
ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن بىر رومانىنى ئوقۇپ كېلىشكە تاپشۇر-
غان. بۇ تېما سىياسەت، تارىخ، شۋېت تىل-ئەدەبىيا-



تى ۋە جۇغراپىيە بىلىملىرىگە چېتىشلىق بولۇپ، ئو-
قۇغۇچىلار تاپشۇرۇقنى ھەم يازمىچە ھەم ئېغىزچە
ئۇسۇلدا ئورۇندىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋې-
لىشقا بولىدۇكى، ئوقۇتقۇچى تۈۋەندىكى تاپشۇرۇق
ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتنى گەۋدىلىك، ئو-
مۇمىي كۆرۈنۈش جەھەتتىن چۈشىنىشنى ۋە ئۇلارنىڭ
جەمئىيەت ھادىسلىرىگە قارىتا ئىجابىي ۋە تەنقىدىي
پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان، ھەرقايسى
قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز قاراشلىرى
ئارقىلىق خۇلاسىلەپ بېرەلەيدىغان، شۇنداقلا باھالا-
يالايدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى نىشان قىلغان.

مېھمانخانا-رېستوران كەسپى يەنى ئاشپەزلىك
پروگراممىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلگەن تاپشۇرۇقنىڭ
مەزمۇنى بولسا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ۋىلايەتنىڭ يېمەك-
لىك ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا تېما تاپشۇرۇلغان. ئاشپەز
دېگەن سۆزنىڭ سۆز مەنىسىدىن ئالساقمۇ تاماق ئەت-
كۈچى دېگەنلىك بولىدۇ. لېكىن تاماقنىڭ ئۆزى خام
ئەشيادىن تارتىپ تاكى يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش،
تەمىنلەش ئۇقۇملىرىغىچە بېرىپ چېتىلىدۇ. يەنىمۇ
چوڭقۇرلايدىغان بولساق، مۇھىت ئاسراش، ئېكولوگ-
يىلىك تەڭپۇڭلۇق قاتارلىق خەلقئارالىق قىزىق نۇق-
تىلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئوخشىمىغان نۇقتىلارنى چىقىش قىلىپ، بۇنى يەرلىك

تاماق مەدەنىيىتى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تاپشۇرغان. بۇ خىل تېمىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىقتىساد، خىمىيە، بىئولوگىيە، ئىنگلىزچە دەرسلەردە ئۆگەنگەن ئومۇمىي بىلىملەرنى دوكلات قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

### ئالىي مەكتەپ

شۋېتسىيەدە 50 تىن ئارتۇق ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەر، بىر قىسمىلىرى يەرلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق مەكتەپلەر يەنە بىر قىسمىلىرى شەخسىي مەكتەپلەردىن بولۇپ 3000 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار. مەيلى شۋېتسىيە پۇقراسى بولسۇن ياكى چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار بولسۇن بىردەك ئوقۇش پۇلى ئېلىنمايدۇ، ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇش پۇلىنى ئۆزى كۆتۈرۈشى كېرەك. دۇنياغا داڭلىق ھەم قەدىمىي ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن چالمېرس ئۇنىۋېرسىتېتى، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى، گوتېبورىي ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار بار. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانسىمۇ بولىدۇ. ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېراسمۇس دەپ ئاتىلىدىغان بىر پروگراممىسى بولۇپ، ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ 3-مەۋسۇمىدىن باشلاپ ئىسپانىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەقسىز ئۆز كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇسا بولىدۇ.

شۋېتسىيەدە ئالىي مەكتەپكە كىرىش دۆلەتلىك ئىمتىھانى ئېلىنمايدىغان بولۇپ، پەقەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى دەرسلىك نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىگە قاراپ قوبۇل قىلىنىدۇ. لېكىن خالىغانلار يەنە ئىمتىھان بېرىسە بولىدۇ. چۈنكى بەزى بازىرى ئىتتىك كەسپلەر مەسىلەن، پسىخولوگىيە، دوختۇرلۇق، قانۇن كەسپلىرىگە كىرىشتە رىقابەت ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى بېرىش -قوبۇل قىلىنىش مۇمكىنچىلىكىنى ئاشۇرىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، دەرسلەر كۆپىنچە ھالدا لېكسىيە ئاڭلاش، سېمىنارىيۇم يەنى ئەركىن مۇزاكىرە شەكىللىرىدە ئۆتىلىدۇ. ئىمتىھانلار زالدا ئېلىنىدىغان ئىمتىھان ۋە ئائىلىدە ئېلىنىدىغان ئىمتىھان دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدىغان بولۇپ، بەزىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ قويغان سوئاللىرىغا جاۋاب يېزىش ۋە بەزىدە ئايرىم بىر تېما ئۈستىدە ئىزدىنىش بولىدۇ. ئادەتتە 2000-500 خەت ئەتراپىدا ماقالە يېزىپ تاپشۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار كۆپلەپ كىتاب ئوقۇشقا، ماتېرىيال توپلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار يەنە ئۆز كەسپىدىكى باكالاۋرلىق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان كەسپلەرنى ئوقۇشتىن سىرت يەنە باشقا فاكۇلتېتتىكى كەسپلەرنى تاللاپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، بۇ خىل كەسپلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنۋان ئېلىشقا نومۇر بەرمەيدۇ، لېكىن ئۆز قىزىقىشى بىلەن ئوقۇسا يەنە بولىدۇ.



**2007- ئۆكتەبىر، ستوكھولم**

# ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئۇسما قويۇش

# يىلىم چېپىش ئادىتى



مۇنەۋۋەر ئابدۇراخمان



## 1. ئۇسما قويۇش ئادىتى

ئۇسما — كرېست گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسگە كىرىدىغان، ئىككى يىللىق سامان غولللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، دىيارىمىزدا قەدىمدىن ئۆستۈرۈپ كەلگەن ھەم خانىم - قىزلىرىمىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قاشلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈپ كەلگەن.

ئەزەلدىن گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان، خانىم — قىزلىرىمىز ئۆز ئەتراپىدا ئۆسىدىغان تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىپ ھۆسۈن گۈزەللەشتۈرۈش، ھەرخىل گىرىم بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلىتىش بىلەن بىرگە ، ئۇسما قويۇشقىمۇ ناھايىتى ئامراق .مەسىلەن ،ھازىرمۇ ئانىلىرىمىز ۋە قىز - چوكانلىرىمىز يازدا ھويلا، باغلاردىن مەخسۇس ئازراق جاي ئاجرىتىپ ئۇسما تېرىيدۇ . ئۇسما قۇلاق بولغاندا ، ئۇنى ئۈزۈۋېلىپ سىقىپ سۈيلىرىنى قاشلىرىغا قويۇشۇۋالىدۇ . ئۇسما ئىچكەن قاش ئەسلىدىكى قاشتىن قارا ، ئۇزۇن، چىرايلىق بولۇپ ، ھۆسىنگە ھۆسن قوشىدۇ. ئۇسمىنى سىقىپ، سۈيىنى ئۈچكە يىغىپ ئارلاشتۇرۇپ ، قېشىنىڭ ئارلىقىنىمۇ سىزىۋالىدۇ . بۇ تاش ئۇسما دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇنى تۇت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئانىلىرىمىزنىڭ قارىشچە ، ئۇسما قاشنىڭ ئوزۇقى بولۇپ، ئۇسما قويۇۋەرسە قاش قارىيىپ قويۇقلىشىدۇ. ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇسمىنى قاچانلاردىن باشلاپ ئۇنى گىرىم بۇيۇملىرى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق. لېكىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋە چۆچەك. رىۋايەتلەردىكى ئۇسما قويغان خوتۇن - قىزلار ھەققىدىكى تەسۋىرلەردىن قەدىمقى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇنى گىرىم بويۇملىرى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش ئانچە تەس ئەمەس .

قىزىل ، قۇمتۇرا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئۇسۇلچىلارنىڭ، ھۆر - پەرىلەرنىڭ بەزىلىرى قېلىن قاشلىق ئەتكەن بولسا ، بەزىلىرى ناھايىتى ئىنچىكە قاشلىق ئېتىشكەن قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن . يەنە دىيارىمىزدىكى قەدىمقى قەبرىلەردىن چىققان ياغاچ ھەيكەل -قونچاقلار ئارىسىدىمۇ قاشلىق ئېتىپ ، يۈزىگە گىرىم قىلىۋالغان قىياپەتتىكى ئوبرازلارمۇ بار. تاڭ دەۋرىدىكى داڭلىق شائىر جاڭفۇنىڭ كۈچا ۋەكىللىكىدىكى غەربىي يۇرت ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرىنى تەسۋىرلەپ يازغان «سۇنغان تاللار» ناملىق شېئىرىدىكى« ياپېشىل قاشلىرىدىن چەكسىز باھار تۇغۇلغاي» دېگەن مىسراغا قارىغاندا، تاڭ دەۋرىدىلا ئۇيغۇر ئاياللىرىدا ئۇسما قويۇش ئادىتى بولغانلىقى مەلۇم .

خانىم - قىزلىرىمىز بىر خىل ئۆسۈملۈكتىنلا ئەمەس ، بىر نەچچە خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچەكنى ، بەزى مېۋىلەرنىڭ مېغىزى ۋە باشقىلارنى ھەرخىل

مايىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ، پەرداز بويۇملىرى ياسىغانلىقى
« تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە بەزى تارىخى ماتېر-
ياللاردا ئېنىق قەيت قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر
قەدەر كەۋدىلىك ئېتىنىك تۈس ئالغان ھەم كەڭ دائى-
رىدە ئومۇملاشقىنى ئوسما بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر قىز--
چوكانلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى تەبئىي گىرىم بۇ-
يۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەن ۋە ئۇلار ناھايىتى
ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك . ئۇ 4 ـ ئاي
مەزگىلىدە تېرىلىدۇ . 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ
، سېرىق رەڭلىك چېچەكلەيدۇ، ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق
بولۇپ، سۇسۇن رەڭدە بولىدۇ. ئوسما 5 سانتىمېتىر
ئۆسكەندىن باشلاپ، ئۈزۈپ ئېلىنىپ، كىچىك چىنە-
لەرگە سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ، نوكچا پىلتە ياكى
شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنچىكە ياغاچ ئۇچىغا پاختا يۆگەپ
پەلكۈچ ياساپ، ئوسما سۈيىگە چىلاپ قاشقا بىر
نەچچە قېتىم يېقىلىدۇ . بىر ئاز شامالدىغاندىن كېيىن
يېنىك سىلاپ يۇيىدۇ. چىنىدە چۆكمە بولغان قىسمى
ئۇزۇنغىچە كەتمەيدۇ. ئۇنى قاشقا سۈرگەندە ، قاش
ئۇزۇن ، پارقىراق بولىدۇ، قاشنىڭ تۈم ، قويۇق
ئۆسۈشىگە پايدىسى بولىدۇ . كۆز پەسلىدە ئوسمىنى
ئۈزۈۋېلىپ، ئۇچكە مېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆيە-
دۈرسە، قىش پەسلىدىمۇ ياز كۈنلىرىدىكىگە ئوخشاش
ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئانىلىرىمىز نەچچە ئەسىرلەردىن
بۇيان ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئوسمىنى ئىشلىتىش داۋامىدا
نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق ، ئوسمىنى
ئۇچكە مېيى بىلەن ئارلاشتۇرۇپ ، قومۇشقا قاچىلاپ
قۇرۇتۇپ، قاتتىق ئوسما ياكى قەلەم ئوسما ياساپ
چىققان .① ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئوسمىنىڭ تەبئىي
ۋە خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق قەيت قىلىنغان : ئوسما
ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق ،خۇسۇسىيتى بە-
دەننى پارقىرىتىدۇ ۋە ئارتۇق خىلىتلارنى تارقىتىدۇ .
ئوسمىنىڭ خوزابىنى سۇ ۋە تۇز بىلەن باشقا چاپسا
چاچنى قارايتىدۇ ، يەل ۋە بەلغەم خارەكتېرلىك باش
ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ تۇتۇننى پۇ-
رىسا ياكى ئېزىپ چاپسا ، زۇكامغا مەنبەئەت قىلى-
دۇ، چاچلارنى چىڭىتىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۇ-
يىنى ياكى قاينىتىلغان سۈيىنى مۇۋاپىق ھالدا ئىچسە
قەي قىلدۇرىدۇ ، ئوسمىنىڭ خوزابى چاچنى قارايتىشقا
باشقا خوزابلارغا نىسبەتەن ياخشى ، ئۇرۇقنى يۇم-
شاق ئېزىپ كۆزگە تارتسا، كۆزگە سۇيۇقلۇق چۈ-
شۈشنى توسىدۇ ۋە چۈشكەن سۇيۇقلۇقلارنى تارقىتىدۇ
. بۇنىڭدىن باشقا يەنە جىگەردىكى ھارارەتنى تارقىتىش
، قاننى سوۋۇتۇش ، زەھەرنى قايتۇرۇش خۇسۇسىي-
تىگە ئىگە . باللارنىڭ دۈلۈنۈپ كېتىشلىرى قىزىتما-
لىق كېسەللىرىدىكى ئەسۋە ،قان قۇسۇشلارنى داۋالاشقا
ھەم ئېغىز ئىچى ۋە تىلغا چىققان جاراھەتلارنى
داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ ② .

ئوسما قويۇش ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس ئالاھىدىلىك
بولۇپ ،ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە .
ھازىر گەرچە گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتى ۋە سانىدا
زور ئىلگىرلەش بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇيغۇر ئا-
ياللىرى بولۇپمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان







قىز — چوكانلار ئۇسمىدىن ئىبارەت بەدەن ساغلاملىـ قىغا پايدىلىق تەبئىي گىرىم بۇيۇمنى ئەنئەنىۋى ئۇ- سۇلدا ئۇستۇرمەكتە ۋە ئىشلەتمەكتە .

هازىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۇسما ئىشلىتىش ئاسا- سىدا ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرخىل ئۇسما قەلەمچىلىرى، ئۇسما چاچ بوياش سۇيۇقلۇقى، ئۇسما كىرپىك لاكى قاتارلىقلار كەڭ خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىۋاتىدۇ ، ھەمدە باشقا مىللەت قىز — چوكانلىرىغىمۇ ئۆزلىشىۋاتىدۇ .

## 2 . يىلىم چېپىش ئادىتى

يىلىم چېپىش ئادىتى — سىمۋول چاچلىرىنى ئاسراش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش قەدىمكى ساھىبجامال ئا- نىلىرىمىز ئۆز گۈزەللىكىنى يارىتىشتا كەم بولسا بول- مايدىغان مۇھىم ئۆلچەملىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن . قەدىمكى ئانىلىرىمىز ۋە قىز– چوكانلىرىمىز ناھايىتى بورۇنلا جىگدە يىلىمىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بايقاپ ، ئۇ- نى ئۆز تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرىدە قايتا — قايتا سىناق قىلىپ ،چاچقا داۋاملىق جىگدە يىلىمى چېپىپ بەرىسە ئۆرۈلگەن چاچنىڭ رەتلىكلىكىنى ساقلاپ ، چۇۋۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىل- غان . كىرورەن گۈزىلىگە ئوخشاش سىمۋول چاچلىق ئانىلىرىمىز چاچلىرىنىڭ تومىلىقى، ئۇزۇنىلىقى ۋە گۈ- زەللىكى بىلەن پەخىرلەنگەن. شۇڭا ئۇلار چاچلىرىنى ئاسراشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق پەرداز بۇيۇمى بولغان جىگدە يىلىمىنى تاللىۋالغان. جىگدە يىلىمى يېپىشقاق ۋە پارقىراق خۇسۇسىيەتكە ئې- گە بولغاچقا، ئانىلىرىمىز جىگدە يىلىمىنىڭ بۇ خۇسۇ- سىيىتىنى بالدۇرلا بايقاپ، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان چاچ پەردىزى سۈپىتىدە ئۇنى چېچىغا چېپىش ئادىتىنى شەكىللەندۇرگەن. چۈنكى چاچقا جىگدە يىلىمى چې- پىلسا، چاچنى سالۋاراتماي، يېپىشتۇرۇپ پارقىراق كۆرسىتىدۇ. بىر قېتىم چېپىلسا چاچنىڭ شۇ ھالىتىنى بىر ھەپتىگىچە شۇ شەكىلدە ساقلىنىدۇ. يۇيۇپ تارى- غاندىمۇ چىگىچى ئاسان چىقىپ، چاچ ئاسانلىقچە ئۇ- زۇلۇپ كەتمەيدۇ.

جىگدە يىلىمى — جىگدە دەرىخىنىڭ غولى بىلەن قوۋزىقى ئارىلىقىدىن ئېقىپ چىقىدىغان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئەتىياز كۈنلىرى پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە جىگدە دەرىخىنىڭ ھەممە سورتلىرىدىن يىلىم چىقىدۇ. لېكىن قاغا جىگدىسىنىڭ يىلىمى ئەڭ ياخشى بولۇپ، ئۇ ھەم سۈزۈك ھەم يېپىشقاقلىق دەرى- جىسى يۇقىرى بولىدۇ.

جىگدە يىلىمى ئېلىشتا ئادەتتە ، ئەتىياز كۈنلىرى جىگدە غولىنىڭ ئازراق قىسمىنى چاناپ قويسا، بەش — ئالتە كۈندىن كېيىن ئۇ يەرگە خېلى كۆپ يىلىم جۇغلىنىدۇ. بۇنى ئېلىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، قۇرغاق جايدا ئۇبدان ساقلاپ قويۇپ، ھەر قېتىم چاچ تاراشتىن ئىلگىرى ئۇنى كىچىك قاچىغا چىلاپ قويۇپ، مۇۋاپىق سۇيۇقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، چاچقا چېپىلىدۇ. يامغۇردا قالغان جىگدە يىلىمىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يېپىشقاقلىق تەركىبى يامغۇر سۈيىدە ئېقىپ كېتىدۇ. بۇرۇنقى ئا- نىلىرىمىز جىگدە يىلىمىنى پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىش بىلەن بىلەن بىرگە ئۇنىڭ چاچقا بولغان پايدىلىق رولىنىمۇ خېلى بۇرۇنلا بايقىغان. مەلۇمكى، ئۇيغۇر خوتۇن — قىزلىرىنىڭ چاچلىرى ئۇزۇن ۋە قارا، قويۇق كېلىدۇ. ھەتتا خېلى ياشىنىپ قالغان ئا- ياللارنىڭمۇ چېچى ئاسان شالاڭلىشىپ كەتمەيدۇ. رەڭ- گى بىر خىل بولىدۇ. بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى چاچقا جىگدە يىلىمى ئىشلەتكەنلىكتۇر.چاچنىڭ ئادەتتە ئامىنو كىسلاتا مىقتارى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ جىگدە يىلىمى بى- لەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، چاچنىڭ ئۇسۇشىنى تېز- لەشتۈرىدۇ. چاچنىڭ تالالىرى بارغانسىرى تومىلىشىپ

رەڭگى قارىيىپ، پارقىراقلىقى ئاشىدۇ. ھەر قېتىم
چاچ تارىغاندا، چاچنى يۇيۇپ تارىغاندىن كېيىن يىلىم
چىپىلىپ ، ئاندىن چاچ ئۆرۈلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا
چاچ ئاسان چۇۋۇلمايدۇ. چاچ چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئال-
دىنى ئالغىلى بولىدۇ، چاچنى قويۇقلاشتۇرىدۇ. ھازىر
زامانىۋى چاچ سوپۇنى، چاچ مېيى، چاچ يىلىمى قاتار-
لىق پەرداز بۇيۇملىرى كۆپلەپ ئىشلىتىلىپ بىر قەدەر
ئومۇملاشقان بولسىمۇ، جىگدە يىلىمىدىن ئىبارەت بۇ
تەبىئي پەرداز بۇيۇمى ھېلىھەم يېزا - قىشلاقلاردىكى
ئانىلىرىمىز ۋە قىز - چوكانلىرىمىز تۇرمۇشىدا كەڭ
تۈردە ئىشلىتىلمەكتە. ھەتتا شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدىمۇ
خېلى كۆپ ساندىكى ئاياللار يەنىلا جىگدە يىلىمىنى
ئەرتىۋالاپ ئىشلىتىدۇ.③ چۈنكى، جىگدە يىلىمىنىڭ
باشقا چاچ سوپۇنى ۋە چاچ مايلىرىغا ئوخشاش ئىشقار-
لىق رولى بولمىغاچقا، چاچقا ھېچقانداق زىيانلىق تە-
رىپى يوق . ئۇ چاچنى ياخشىلاپ، نەملىكنى ئاشۇ-
رۇپ، چاچنىڭ ماي تەركىبىنى نورماللاشتۇرىدۇ. ئا-
ياللارنىڭ گۈزەللىكنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا جىگدە يىلىمى
ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خوتۇن — قىزلىرىنىڭ
ئەڭ ياخشى تەبىئي پەرداز بۇيۇمى بولۇپ خىزمەت
قىلىپ كەلدى.

كۆرسەتكۈچلەر :

②① ئازادگۈل مەنسۇر :« ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەبىئي گىرىم
بۇيۇمى — ئوسما» « مىللەتلەر ئىتتىپاقى»1993- يىلى 5 -
سان 39 - بەت.
③ راھىلە داۋۇت : « ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گىرىم بۇ-
يۇملىرى توغرىسىدا» « شىنجاڭ ئاياللىرى» 1989- يىل21 - سان
32 - بەت.

(ئاپتور : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۆتۈپخانىدىن)

## پاراسەت چاچقۇلىرى

سەنئەتكارلارنىڭ قىلىدىغىنى بىردەملىك نەرسىنى
مەڭگۈلۈك نەرسىگە ئايلاندۇرۇشتۇر .

نۇرنىڭ بولۇش - بولماسلىقى كېچە بىلەن كۈن-
دۈزنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرغاندەك ،رەھىمدىللىك تۇي-
غۇسىنىڭ بولۇش — بولماسلىقمۇ ئالىيجاناپلىق بىلەن
پەسكەشلىكنى بىر -بىرىدىن پەرىقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالام پەقەت
بىر دانە ئۆرۈۈقنىلا تەقدىم قىلغانىدى ، ھاۋا ئانا بولسا
ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى بەخش ئەتتى .شۇڭا ئا-
ياللارنى ئىنسانىيەتنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ھەم
ئۇلارنىڭ نەسلىنى ئاۋۇتقان پەرىشتە دېيىشكە بولىدۇ
. كىشىلىك ھايات دوزاخ ئىچىدە تۇرىۋېتىپمۇ پە-
رىشتىنى ئىزدەپ تاپالىغان ياكى تاپالمىغانلىقىڭ ئارقى-
لىق سىنىڭ بارلىقىڭنى سىنايدۇ .

ھەر ئادەمنىڭ ئۆمۈر سىرى ھەمىشە بىرىسىل ھاياتى-
لىق ئىمكانىيتى ئىچىدە يېشىپ چۈشەندۈرۈلۈش پۇر-
سىتىگە ئېرىشەلەيدۇ .

ئاياللار قولىنىڭ ئالقىنىغا ئوخشايدۇ ، ئەرلەر بول-
سا دەل شۇ قولىنىڭ دۈمبىسىدۇر، قول دۈمبىسىنىڭ
رولى قولىنىڭ ئالقىنىنى ئاسراش ئۈچۈندۇر.

كۆز پەسلى ياز پەسلىگە روبىرو تۇرۇپ ئۇنى
مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىلەن مازاق قىلىۋاتقاندا ،
قىش پەسلى دەل كۆز پەسلىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ
ئۇنى دەپنە قىلىدىغان قەۋرىنى كولاۋاتقان بولىدۇ .

مۇھەببەت گويا دەريانىڭ يوقىرى ئېقىمىدا ئۇر-
كەشلەپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۈزۈك ئېقىنغا ئوخ-
شايدۇ . ئۇ ھەرگىزمۇ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا
مەڭگۈ تېپتىنچ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ
. ئېرشادى تەرجىمىسى

M I R A S

## تەكلىسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى

# ئەجدادلار ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى

### ئەۋلادلارنىڭ يولچىرىغى



تۇرسۇن مەخمۇت



ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان ئۆزلۈك، كۆن ساناپ تۇرمۇشمىزدىن يىراقلىشىۋاتقان ئادىتى , ئەمما مېھرى ئىسسىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز، كىشىگە ئازادىلىك، ئىللىقلىق ئاتا قىلىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىمىز، مىڭ يىللار مابەينىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن بىرلىكنى ساقلاپ، تەبىئەتتىن ئۆرنەك ئېلىپ ئىجاد قىلغان تۈرلۈك سەنئەتلەر ۋە ئۇنىڭدا جۇلالانغان ئاجايىپ گۈزەل گۈل - نەقىشلەر، كىشىلىك ھاياتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىگەن مەپتۇنكار ئۇسسۇللار، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان يالقۇنلۇق، مەپتۇنكار ئاھاڭلار - ناخشىلار..

مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش خىزمىتى جەريانىدا بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىز، ئاڭلىغانلىرىمىز ئىنتايىن كۆپ بولدى. بىز تۇغمىشلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى، بىر ئۆمۈر سۆيۈپ قەدىرلەپ كەلگەن، ئۆزلىرىگە ئەل ئىچىدە يۈز - ئابروي ۋە تۇرمۇش كاپالىتى ئاتا قىلغان، ئاجايىپ ماھارەتلىرىنى كىملەرگە تاپشۇرۇشنى، قانداق تاپشۇرۇشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈرۈۋاتقان مويسىپىتلار بىلەن سۆھبەتتە بولدۇق.

يەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە جىسمانىي ھەم ئەقلىي جەھەتتىكى قېرىلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان مەنىۋى بايلىقلىرىنى خاتىرىسىگە ئالالماي سۆزلىمەكچى بولغانلىرىنى چالا - پۇچۇق ئېيتىپ، ياشلىقىدا تولۇق بىلىدىغان نەرسىلىرىنى ئەسلەپ بولالماي قىينىلىپ كېتىۋاتقان ياشانغانلارنى كۆردۇق.

كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئاجايىپ گۈزەل كۈيلەرنى ياڭرىتىۋاتقان، ئاپتاپتا كۆيگەن پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تەر قۇيۇلغۇچە كۈچەپ ناخشا ئېيتىۋاتقان، ئەمما تۇرمۇشى تولىمۇ قىيىن بولغان ئەلنەغمىچىلەرنى ئۇچراتتۇق.

ھۈنەر - ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ بىراق بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بۇ ھۈنەرلىرى بىلەن تاپقان پۇلى تۇرمۇشنى قامداشقا يار بەرمىگەچكە، ئاتا - بوۋىسىدىن، ئۇستازلىرىدىن مىراس قالغان ھۈنەرلىرىنى كۆزى قىيمىغان ھالدا تاشلاشقا مەجبۇر بولغان كاسىپلارنى زىيارەت قىلدۇق.

لېكىن بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا



بىلەن تەمىن ئېتەلمىگەنلىكى قانداقتۇر بۇ ھۈنەرلەرنىڭ قىممىتىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، بولۇپمۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى نۇقتىسىدىن تېخىمۇ شۇنداق، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا ئەجدادلار ئەقىل - پاراستىنىڭ سەمەرىسى.

زىيارەت جەريانىدا كىشىلەر توپا باسقان، چۈۋۇلغان، بۇزۇلغان دەستگاھ، دۇكانلارنى ئۆگزىلەردىن، بۇلۇڭ پۇچقاقلاردىن تېپىپ بىزگە كۆرسەتتى، ئۆزلىرى بىر ئۆمۈر ھەپىلەشكەن ھۈنەرلىرىنىڭ ئىزسىز يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دىلى پۇچىلىنىپ، يۈرىكى ئېزىلىۋاتقان بوۋاي، مومايلارنىڭ بىزگە ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدە ئۈمىد نۇرى پارلاۋاتقانلىقىنى سەزدۇق.

بىز يەنە ۋۇجۇدقا قۇۋۋەت، تەنگە شىپا ئاتايىپ ئېسىل، تەملىك تائاملار بىلەن جورىسىنى، باللىرىنى، نەۋرىلىرىنى بېقىپ رۇستەمدەك بەقۇۋۋەت ئۆستۈرگەن قەدىردان مومىلىرىمىز، ئانىلىرىمىزنىڭ گۈلدەك قوللىرىدىن تەم ئالغان ئېسىل تاماقلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى داستىخانلىرىمىزدىن بارا - بارا يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ھەسرەت چېكىۋاتقانلارنى كۆردۇق.

راست، نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنتۇلۇپ كېتىپتۇ، نۇرغۇن نەرسىلەر يوقىلىپ كېتىپتۇ، يەنە كۆز ئالدىمىزدا نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا، ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. مۇشۇ ھالدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل پاراستىنىڭ جەۋھىرى بولغان قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىمىز بىزگە ياشلانغان ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىپ «بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دەپ ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە بىزگە ھېچبىر قىممىتى يوقتەك بىلىنىدىغان، ئاللىبۇرۇن تارىخنىڭ، ۋاقىتنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ئاشۇ مىراسلىرىمىزدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادچانلىق روھى، دۇنياغا، ھاياتقا، گۈزەللىككە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى ھەم مۇھەببىتى كۆمۈلۈپ ياتقان بولىدۇ. ئۇ نەرسىلەر شۇ پېتى يوقىلىپ كەتسە، كۆمۈلۈپ چىرىپ تۈگىسە، بۇ بىز ئۈچۈن، مۇشۇ دەۋردە مەيدىمىزنى كېرىپ يۈرگەن بىز مۇشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئۈچۈن ئورنىنى تولدۇرغۇسىز ئازاب ھەم نومۇس بولىدۇ.

مىڭ قەتلە شۈكۈركى، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ تولۇق ئىمكانىيەتلىرى يارىتىلغاندەك قىلىدۇ. مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش نامى ئاستىدا ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە ئايلاندى، ھۆكۈمەت بېجىرىدىغان خىزمەتلەر كۈن تەرتىپىگە قويۇلدى. ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك ساھەدىكى ئىجادىيەتلىرى، ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى توپا - توزان ئاستىدا قالغاندا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى





بىلەن ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقاندا ھەممەيلەن ئۇھ تارتقان،
ھەسرەت چەككەن ئىدۇق. ئەمدى ئۇنى قۇتقۇزۇش-
نىڭ، رەتلەشنىڭ، مۇكەممەل خاتىرىگە ئېلىپ ساقلاپ
قېلىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەندەك قىلىدۇ. بولۇپمۇ بىز-
دەك ئەجداد ھەم ئەۋلاد مۇناسىۋەتلىرىگە دىققەت
قىلالماي كەلگەن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانۇ
شەۋكەتلىرى بىلەن ئەۋلادلىرىمىزنى غۇرۇر ھەم ئىپ-
تىخار تۇيغۇسى بىلەن تەربىيىلەشكە تازا ئەھمىيەت
بەرمەيدىغان بوگۇنكى كىشىلەر ئۇچۇن، شۇنداقلا
ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئەجدادىنىمۇ تولۇق بىلىشنى ئادەتكە
ئايلاندۇرالمىغان بىز ئۇچۇن بۇنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ
زور بولىدۇ.

تەكشۈرۈش جەريانىدىكى ئەمەلىي ئەھۋال مەدە-
نىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ تەخىرسىزلىكى ھەققە-
دىكى چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. «شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن پائالىيەت
قىلغان جايلارنىڭ بىرى »بولغان چەرچەن ناھىيىسىدە
مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قې-
لىش ئەھۋالى كىشىنى ئەپسۇسلۇق ئويلارغا سالىدۇ،
شۇنچە ئۇزۇن تارىخقا، مول مەدەنىيەت بايلىقىغا ئى-
گە دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان بۇ يۇرتتا مۇشۇ كۈنگە
كەلگەندە مىسكەرچىلىك قول ھۈنەر -سەنئىتى بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان بىرمۇ ھۈنەرۋەن يوق، كۆنچىلىك
ھۈنىرىنى بىلىدىغانلارمۇ يوق، ئەنئەنىۋى موزدوزلۇق
ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرمۇ ئاساسەن يوق
(ھازىر موزدوزلۇق ھۈنىرى قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك سۈنئىي ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ ھۈنەر قىلى-
دىغانلار ئىكەن) نۇرغۇن ئەنئەنىۋى تاماقلىرىمىزنىڭ
ئىسمىنى بىلىسىمۇ براق ئۇنى ئېتىش، پىشۇرۇش جەر-
يانىنى شەرھلەپ بېرەلەيدىغانلار يوق دېيەرلىك.60
مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە بۇ قەدىمىي يۇرتتا تۇرى
8 ـ 10خىلغا بارىدىغان تۇرلۇك باش كىيىملەرنى تە-
كىدىغان بىرلا ئايال ھۈنەرۋەن قالغان. سەرگەزچى-
لىك، خۇرجۇن، جاۋا توقۇش، خالۋاپچىلىق ھۈنىرى
بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ بارغانسېرى ئازلاپ كەت-
كەن، يولۋاس ئويۇنى، بۇدۇشقاق ئويۇنى، بوۋا ئويۇ-
نى، ئارغىماق ئويۇنى قاتارلىق قويۇق دراماتىك
تۇسكە ئىگە، مول ئەخلاقىي ھەم پەلسەپىۋى پىكىر-
لەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئەل ئىچى ئويۇنلىرىنى
بىر قەدەر پىششىق بىلىدىغان 70 ياشقا يېقىنلاپ
قالغان بىرلا كىشى قالغان، چەرچەنلىكلەرنىڭ ھازىر-
غىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمىي سازلىرىنىڭ بىرى
بولغان ئاللىچى راۋابىنى ئۆزىنىڭ قائىدىسى بويىچە تو-
لۇق ھەم مۇكەممەل چالالايدىغان، ئاللىچى راۋاب بە-
لەن ئورۇندالغان يەرلىك ناخشا -مۇزىكىلارنى بىرقە-
دەر تولۇق بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز قالغان، نۇرغۇن



2008 1

راۋاجلاندۇرۇپ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئەسلى مەدەنىيىتىمىزگە سادىق بولغان ھالدا ئۇنى بۈگۈنكى زامان مەدەنىيىتىگە ئايلاندۇرۇش. بىز چوقۇنۇۋاتقان، ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پاخاللىرى، ئەخلەتلىرى بىزنىڭ كۆزلىرىمىزنى ئالا چەكمەن قىلىپ بۈگۈنكى كۈندە شۇ مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىلىرى ئۆزلىرى ياراتقان مەدەنىيەت تەرىپىدىن غېرىبلىق، تەنھالىق، مىسكىنلىك پاتقىقىغا پېتىپ، كىشىلەر ئۆزلىرىمۇ بىزار بولۇۋاتقان شارائىتتا بىزنىڭ ئۇنىڭغا كانىدەك چاپلىشىپ، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ كېتىشىمىز كىشىنى ھەيرەتكە سالىدۇ.

بىزدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئالدى -كەينىدە ئۆزىمىزنىڭ ھەممە نەرسىمىزدىن بىزار بولۇش، ئۆزىمىزنى ھەممىدىن پەس ئورۇنغا قويۇشتەك تۇيغۇ- بوغۇناق كۆتۈرۈلدى. قولىغا قەلەم ئالغانلىكى، ئۇنى- بۇنى يازالايدىغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قارا قويۇق مىللەتنى قارغاپ، تىللاپ سۆكۈپ باقتى. ئەلۋەتتە بۇ يەردە مىللىتىمىزدە ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان ئىللەت- نۇقسانلارنى، زادى ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغان، جەمئىيەتلەشكەن ياكى جەمئىيەتلىشىشكە يۈزلەنگەن خاتالىقلىرىمىزنى كۆرسىتىپ بەرگەن، قامچىلىغان قەلەمكەشلىرىمىزنى ئەيىبلەشكە ھەققىمىز يوق.





خەلق ئاھاڭلىرىنى، ھېكايە، ئەپسانە، چۆچەك، خەلق ماقال -تەمسىللىرىنى بىلىدىغانلارمۇ ئارىمىزدىن كېتىپ قالغان... مۇشۇ خىلدىكى ئەھۋاللار بەلكىم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئاساسەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇشنىڭ پۇرسىتى ۋە ۋاقتى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان، يەنە كۆتسەك، ئېرەنشىمسەك بىر نۇرغۇن قىممەتلىك بايلىقلىرىمىزدىن قاراپ تۇرۇپ قۇرۇق قېلىشىمىز مۇمكىن. يەنە ۋاقىت ئۆتسە شۇ قالغان نەرسىلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەيمىز.

كەلكۈندەك دەۋرەپ كەلگەن بۈگۈنكى زامان مەدەنىيىتى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزگە خىرىس قىلماقتا، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك چاڭ -توزانلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى كۆمۈۋەتمەكتە. زامانىۋى سانائەت قەدىمكى قول ھۈنەر- سەنئىتىمىزنى بىر بۇلۇڭغا قىستاپ قويماقتا. بىز قوبۇل قىلغان زامانىۋى مەدەنىيەت ئەمەلىيەتتە بىز ئۈچۈن يىلتىزسىز دەرەخ، ئۇ بىزگە بىر ئۆمۈر سايە تاشلىيالىشى ناتايىن. ئەلۋەتتە بۇ يەردە دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنىڭ بىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىمىزدە ئوينايدىغان رولىنى چەتكە قېقىشنىڭ ئەخمەقلىق بولىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئەمما، بىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغىنى مەدەنىيىتىمىزنى، ئەنئەنىمىزنى قوغداپ ۋە ئۇنى



ئىشنىڭ سەۋەبى شۇنداق بولۇشى مۇمكىن: بىز
خەلقتە ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئەجداد-
لىرىنى ھەم ئەجداد روھىنى، ئەجدادلىرىنىڭ ئەقىل-
پاراستىنى ئېتىراپ قىلىش ئېڭى سۇسلاپ كەتتى.
بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلالمىغانلىقىنى،
يۇكسىلەلمىگەنلىكى، ئالغا باسالمىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ
تىلىدىن، يېمەك- ئىچمىكىدىن، كىيىم-كېچىكى-
دىن، يۇرۇش- تۇرۇش- ئولتۇرۇش قوپۇشىدىن،
ئۆرپ-ئادىتىدىن، قىسقىسى ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ
كەتكەن ھەممە نەرسىدىن كۆرىدىغان روھىي كەيپىياتـ
قا چۈشۈپ قالدى. بۇنداق ئازابلىق كەيپىياتقا مۇپ-
تىلا بولغان خەلقنىڭ روھ ئالمى قۇرۇقدىلىپ، ئاخى-
رىدا مەنىۋى دۇنياسىدىكى چاڭقاقلىقىنى سىرتقى دۇنيا-
نىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى بىلەن بېسىپ ،قانائەت
تاپىدىغان بولۇپ قالدى. ئاقىۋەتتىچۇ، ئاقىۋەتتە تې-
خىمۇ قۇرغاق، تېخىمۇ چۆل مەنىۋى دۇنيادا يالغۇز
قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ چاغقا بارغاندا ھەممىنى
قايتىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق ئۆلگۈرمەك
تەس، تارىخ ھەم ۋاقىت ھەممىگە قايتىدىن باشلاش
پۇرستى بېرىۋېرىدىغان ئۇنچىلا سېخىي ھەم غەنىي
ئەمەس.

بايا دېگەندەك بىمەسەل، تايىنى يوق روھىي
كەيپىياتنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە
ئۆزىمىزنىڭ روھىي ئالەمىزنى يورۇق ۋە ئازادە قىلىش-
تا ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان، بىزنىڭ ۋۇجۇدى-
مىز، روھىمىزغا سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك قوشۇلۇپ
كېتىدىغان، سىڭىشىدىغان، بىزگە روھىي قۇۋۋەت،
ئوزۇق بولىدىغان قۇۋۋەتلىك مەنىۋى مىراسلىرىمىزنى
قۇتقۇزۇپ چىقىپ، ئۇنى خەلق تۇرمۇشى بىلەن
باغلاپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ
بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە ھەم ئۆزىمىزگە ماس كېلىدى-
غان، ئەنئەنىنىڭ يىلتىزىدىن سۇ ئىچىپ كۆكلىگەن
يېڭى ھەم زامانىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تولىمۇ زۆ-
رۈر.

مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ خەلقىمىزدە
ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك مەنىۋى ئىللەتلەرنى تۈگىتىشتە
ناھايىتى مۇھىم رولى بار. بىزنىڭ ھازىرقى زامان
كىشىلىرىمىز، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئەنئەنە قوغدال-
غان، ئەنئەنە ھۆرمەت تاپقان، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى-
مىز ئۆز تەسىر كۈچىنى يوقاتمىغان مۇھىتتا ياشىسا
ھەم شۇنداق مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلسە ۋەتەننى سۆيە-
دىغان، خەلقنى سۆيىدىغان، ۋەتەنگە، خەلققە سادىق
بولىدىغان روھ بىلەن ياشايدۇ ۋە شۇنداق روھ بىلەن
ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ئۆزىنىڭ كىملىكى ۋە كەلگۈسى ھەق-
قىدە ئويلىنىدىغان، ناچار خاھىش، يامان قىلىقلاردىن
ئۆزىنى تارتىدىغان، قارشى تۇرىدىغان ئاڭغا ئىگە بو-
لىدۇ. شۇنداقلا كېيىنكى ئەۋلادلاردا ئەجدادلاردىن سۆ-
يۈنۈش، كەلگۈسىگە ئىشەنچ تۇيغۇسى كۈچىيدۇ. مە-
لۇم مەنىدىن ئالغاندا ، مەدەنىيەت مىراسلىرى
ئەجدادلارنىڭ ئەقىل-پاراستى، روھى، سىماسى
دېمەكتۇر.

بىلسەك، مەدەنىيەت مىراسلىرى بىز ئۈچۈن تەي-
يار خەزىنە، بۇ خەزىنىدە بىزگە كېرەكلىك بولغان
ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئېھتىياجىمىز ئۈچۈن
خالىغانچە تاللىۋالىدىغان مەنىۋى بايلىقلار تولۇپ يې-
تىپتۇ. ئەمما بۇ بايلىقلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن

تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چاڭ -توزان ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان، ئاجىزلىغان، كونىرىغان، بىز ئۇنى ئېچىپ، چاڭ -توزانلىرىنى پۇۋلەپ چىقىرىۋېتىپ، تويىلىرىنى ئېرىتىپ پارقىراتساق ، ئۇ بۇگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك بايلىق، بىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئىپتىخارلىنىشقا، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئېسىل دۇردانە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يىلتىزسىز دەرەخ كۆكلەپ باراقسانلىيالمىغاندەك، يىلتىزسىز قامغاقنىڭ ھالى خاراب بولغاندەك ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت يىلتىزىنى ئاسرىمساق، قوغدىمساق ماھىيەتتە ئۆزلۈك ئېڭىمىز سۇسلاپ ، ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچ، ئىپتىخارىمىز يوقىلىپ، بىزنى چۈشكۈنلۈك، غېرىبلىق باسىدۇ. زامانىۋىلىشىش مەۋجۇتلۇقىمىز ھەم تەرەققىياتىمىزنىڭ مۇقەررەر يولى. لېكىن زامانىۋىلىشىش ھەرگىزمۇ ئەنئەنە بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى ، ئەنئەنە بىلەن سىغىشالمايدىغان سىرتقى مەدەنىيەتنى ئەسىر - ئەسىرلەپ ئۆزىمىزگە تاڭساقمۇ بىزگە ئۆزلەشمەيدۇ. بىزگە جان ھەم قان بولۇپ ۋۇجۇدىمىز ھەم روھىمىزغا قۇۋۋەت بېرەلمەيدۇ. ياتلاشقان مەدەنىيەت مۇھىتى ئاستىدىكى بۈگۈنكى ياشلارنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان شەرم - ھايا، نومۇس ھەم ئەيمىنىش تۇيغۇسىنى يوقىتىپ، تۇسالغۇسىز ھالدا غەربنىڭ ئەخلەت مەدەنىيىتىگە يېقىلىشى ئاقىۋەت بىزگە ئېچىنىشلىق پاجىئە، يۈرەكنى ئېزىدىغان نالە - زارنى قالدۇرىدۇ.

ئادەم ئۆز ئەقلى بىلەن ھاياتلىق ئالەمدە پۇت تىرەپ تۇرىدۇ، مىللەت ئۆز مەدەنىيتى بىلەن مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ، مەدەنىي مىراسلار بىزنىڭ روھىي تۈۋرۈكىمىز، روھىي ئەگكۈشتىرىمىز، بىزنى ئېسىل، پاكىز، ئۆزىمىزگە ماس كېلىدىغان يېڭى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان، چىركىن، ناباپ نەرسىلەردىن خالىي قىلىدىغان مەنىۋى سېپىلىمىز. شۇڭا ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى قوغداش، نۇرلاندۇرۇش ئەسلى مەدەنىيەت يىلتىزىمىز ئاساسىدا بۈگۈنكى دەۋرگە ماس كېلىدىغان مەدەنىيەت يارىتىش بىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى يولىمىز.

ئاخىرىدا ئۇلۇغ شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەققىدە يازغان مۇنۇ شېئىرىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم:

ئەۋلادلارنىڭ سۆنمەمدۇ كۆڭلى،
ئەجدادلاردىن مىراس قالمىسا.
قورۇنمامدۇ ئەجدادلار روھى،
مىراسقا ۋارىس بولمىسا.

شۈكرى بىزگە ئەجدادلىرىمىز،
كەتتى تالاي مىراس قالدۇرۇپ.
كەتتى ئۇلار ھاياتىمىزغا،
ئۆچمەيدىغان ئۇدۇم قوندۇرۇپ.

قالدى بىزگە مەنىۋى مىراس،
مەڭگە باي، ھۆسنى چىرايلىق.
گەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالساق،
باسار بىزنى روھىي گادايلىق.

ئۇ بىباھا ئەگكۈشتىرىمىز،
ئەلا جىمى جابدۇق ئىچىدە.
ساقلىنىدۇ، جىلۋىلىنىدۇ،
كۆڭۈل ئاتلىقساندۇق ئىچىدە.

(ئاپتور :چەرچەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

M I R A S



# ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھالىتى ۋە تەبىئىي كۆرۈنۈشلەر بويىچە

1. ئاي تولغان ۋاقىتتا سۈزۈك ھەم روشەن، پارقىراق كۆرۈنسە، ھاۋا ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ.

2. ئاي خىرەلەشسە، يېقىن ئارىدا بوران چىقىدۇ.

3. ئاي قوتانلانسا، قىش كۈنلىرى سوغۇق، ياز كۈنلىرى يامغۇر ياغىدۇ.

4. ئاي ئۆرۈدىسىغا تۇغسا، سوغۇق؛ يېنىچە تۇغسا، بوران، يامغۇر يېشىنلىق بولىدۇ.

5. ئاينىڭ ئەتراپىدىكى قىزغۇچ چەمبىرەك بىر پەس پەيدا بولۇپ، يوقالسا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ.

6. ئاينىڭ ئەتراپىدىكى نۇرلۇق چەمبىرەك روشەن بولسا، ئىككىنچى كۈنى يامغۇر ياغىدۇ. مەزكۇر چەمبىرەك سەل يىراقراق تۇرسا، ئىككى- ئۈچ كۈندىن كېيىن يامغۇر ياغىدۇ.

7. ئاينىڭ ئەتراپىدىكى ھالقا گۈڭگا بولسا، سوغۇق بولىدۇ.

8. ئاينىڭ 4-، 5- كۈنلىرىدە ھاۋا رايى قانداق ھالەتتە بولسا، پۈتۈن ئاي داۋامىدا خۇددى شۇنداق بولىدۇ.« ئاينىڭ بېشىدىن قورقما، بەشىدىن قورق » دېگەن ئاتىلار سۆزى ئەنە شۇنىڭغا ئىشارەدۇر.

9. ئەتىگەنلىكى بۇلۇتلۇق بولۇپ، قۇياش چىققاندا سۈزۈلسا، بۇ كۈنى يامغۇر بولمايدۇ.

10. ئەتىگەنلىكى قۇياشنى تۇمان قاپلىسا، سوغۇق بولىدۇ.

11. ئەتىگەنلىكى كۈن گۈركىرىسە، يىل داۋامىدا يامغۇر- يېشىنلىق بولىدۇ.

12. ئەتىگەنلىكى تۇمان قېلىن چۈشۈپ، قۇياش نۇرى بىلەن تېز تارىسا، ھاۋا خېلى ۋاقىتلارغىچە ئوبدان بولىدۇ.

13. بۇلۇت قىبلە تەرەپكە سۈرۈلسە، كۈن سوغۇق بولىدۇ.

14. بۇلۇت قىبلىدىن چىقىپ، شالاڭ ئاقۇچ كەلسە، يامغۇر ياغماستىن ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

15. بۇلۇتلار بىر- بىرىگە قارىمۇ قارشى كەلسە، ھاۋا بۇزۇلۇپ، يامغۇر- يېشىنلىق بولىدۇ.

16. بۇلۇتلار قېتىلىپ، كۆتۈرۈلسە، يامغۇر ياغىدۇ.

17. بۇلۇتلار شالاڭ بولسا، سوغۇق كۈچىيىدۇ.

18. بۇلۇتلۇق كۈنى قۇياش پارقىرىسا، ھاۋا بۇزۇلىدۇ.

19. ھاۋا بۇلۇتلۇق كۈنى قۇياش تورۇپ - تورۇپ قىزدۇرسا، كەچلىكى يامغۇر ياغىدۇ.

20. بۇلۇتلۇق يامغۇرلۇق كۈنى قۇياش پاتقاچ سۇۋۇتسا ، ئىككىنچى كۈنى يەنە يامغۇر ياغىدۇ.

21. تۇمان چۈشسە كەينىدىنلا يەنە يامغۇر ياغىدۇ.

22. تۇمان يەرگە چۈشسە، سوغۇق بولىدۇ.

23. قۇياش ئاقىرىپ چىقسا، شۇ كۈنى ۋە ئۇنىڭ ئەتىسى سوغۇق (ياز كۈنلىرى سالقىن) بولىدۇ.

24. قۇياش بۇلۇتقا چۆمۈپ ئولتۇرسا، ئەتىسى يامغۇر ياغىدۇ.

25. قۇياش پاتقاچ، قاراڭغۇلۇق تېز چۈشسە، يامغۇر ياغىدۇ.

26. قۇياش پاتقاچ، ھاۋادىكى قىزىللىق (شەپەقتىكى) ئۇزاق ۋاقىت تۇرسا، قىشتا سوغۇق، يازدا سالقىن بولىدۇ.

27. قۇياش پاتقاندا پاتقان ئورنى ئوچۇق بولسا، ئەتىسى سوغۇق بولىدۇ. پاتقان ئورنى گۆڭگا كۆرۈنسە، يامغۇر ياغىدۇ.

28. قۇياش پاتقاندا قۇياشنىڭ كەينىدىن بۇلۇت سۈرۈلسە، ئەتىسلا ھاۋا بۇزۇلۇپ، يېغىن بولىدۇ.

29. قۇياش چىققاندا ھاۋادا قىزىللىق ھاسىل بولسا، شۇ كۈنلا يامغۇر ياغىدۇ.

30. قۇياش قىزىرىپ چىقسا نەمچىلىك، قىش كۈنى بولسا سوغۇق بولىدۇ.

31. قۇياش گەردىشىدە نۇرلار يۇقىرىغا قاراپ چاقنىسا، بوران بولىدۇ. تۆۋەنگە قاراپ چاقسا، سالقىن بولىدۇ.

32. قۇياش ئولتۇرۇش ئالدىدىن شەپەقسىز، توق ھال رەڭدە كۆرۈنسە، ئەتىسى ۋە بىرقانچە كۈن ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ.

33. قىبلە تەرەپتىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۇدا شامال ئۇرۇپ تۇرسا، يامغۇرنىڭ كېلىشىدىن ئۈچۈر بولىدۇ.

34. قىش كۈنلىرى قۇياش ئەتراپىدا ھالقىسمان ھالەت بايقالسا، ياكى قۇياش قوتانلاشسا، بەك قاتتىق سوغۇق بولىدۇ.

35. قىش كۈنلىرى قۇياش ئەتراپىدا ھالقىسمان نۇر كۆرۈنسە، بوران چىقىدۇ. ئەگەر بۇ ھالقا قۇياشقا يېقىن بولسا، سوغۇقتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

36. قىش كۈنلىرى يۇلتۇزلار قويۇق كۆرۈنسە، سالقىن بولىدۇ. ئەگەر يۇلتۇزلار شالاڭ كۆرۈنسە، ھاۋا ئىللىق بولىدۇ - دە، شامال چىقىدۇ.

37. كۈن بەكمۇ ئىسسىپ، كۆيدۈرگۈچى ھالەتتە بولسا، جەزمەن يامغۇر ياغىدۇ.

38. كۈندۈزى كۆك گۈركىرىسە، ياز بالدۇر كېلىدۇ.

39. كۈندۈزى كۈن گۈركىرەپ، گۈڭگۈرتسىمان بۇلۇت توپ - توپ بولۇپ كۆتۈرۈلسە مۆلدۈر ياغىدۇ.

40. كۈندۈزى مەلۇم ۋاقىت جىمجىتلىق، دىمىق بولۇپ، بىر ئەسنادا شامال چىقسا، سۆزسىز يامغۇر ياغىدۇ.

41. ناۋادا، بۇلۇتلار قويۇق بولۇپ، ئۈستى - ئۈستىلەپ، گۆرە - گۆرە سۈرۈلسە، شارقىراپ يامغۇر ياغىدۇ.

42. ناۋادا، قار ئۇششاق زەررىلىنىپ، شالاڭلاپ چۈشسە، سوغۇق ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ.

43. ناۋادا يېڭى ئاي بەكمۇ روشەن كۆرۈنسە سالقىن بولىدۇ.

44. ناۋادا، يېڭى ئاي توق سېرىق ھەم گەردىشى قېلىن كۆرۈنسە، پۈتۈن ئاي بىر خىلدا ئۆتىدۇ.

45. ناۋادا، يېڭى ئاي ئىنچىكە كۆرۈنسە، ئاي داۋامىدا ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ.

46. ھاۋا تىنچىق بولۇپ، قۇياش بەك قىزدۇرسا، ئەتىسى مۆلدۈر ياغىدۇ.

47. ھاۋا ئۇزاق ۋاقىت ئوچۇق تۇرسا، يېڭى ئاينىڭ

تۇغۇشى بىلەن تەڭ يامغۇر ياغىدۇ.

48. ھاۋانىڭ ئۆزگەرگىسى كەلگەن ھامان شامال چىقىدۇ.

49. ھەسەن-ھۈسەن سۇغا چۈشسە، يامغۇر-يېشىن تولا بولىدۇ.

50. ھەسەن- ھۈسەن غەرب تەرەپتىن كۆرۈنسە، يامغۇر بولمايدۇ.

51. ھەسەن- ھۈسەن قۇياش چىققاندا چىقسا، ھەمدە قۇياشقا قارىمۇ قارشى بولسا، شۇ كۈنلا يامغۇر يېغىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

52. ھەسەن- ھۈسەن يامغۇردىن كېيىن ئۇزاق تۇرسا ھاۋا بۇزۇلىدۇ. ئەگەر تېز تارقىسا سالقىن بولىدۇ.

53. ھەسەن- ھۈسەن يامغۇر ياغقاندىن كېيىن ئۆچ بولۇپ چىقسا، پۈتۈن بىر ھەپتە يامغۇر ياغىدۇ.

54. ھەسەن- ھۈسەننىڭ بىر تەرىپى تۆۋەنرەك كۆرۈنسە سالقىن بولىدۇ.

55. ھەسەن- ھۈسەننىڭ ئىككى بېشى سۇغا چۈشسە، ئۇدا يامغۇر ياغىدۇ.

56. ھەسەن-ھۈسەننىڭ يېشىل رەڭگى بەكمۇ ئوچۇق كۆرۈنسە، كۈننىڭ يامغۇرلۇق بولۇشىدىن دالالەت. ئەگەر قىزىل رەڭگى روشەن كۆرۈنسە، ئىسسىق بولۇشى مۇقەررەر.

57. ياپىلاق-ياپىلاق قار ياغسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاۋا ئوچۇق، ئىللىق بولىدۇ.

58. بۇلۇت تۈرۈلۈپ كەلسە، كۈچلۈك يامغۇر ياغىدۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن مۆلدۈر يېغىشى مۇمكىن.

59. يامغۇر تامچىلىرى سۇ ئۈستىدە دانە- دانە بولۇپ، كۆۋۈكلىنىپ تۇرسا، يەنىلا يامغۇر ياغىدۇ.

60. يامغۇر كەينىگە يېنىپ يېغىشقا باشلىسا، شارقىراپ ياغىدۇ ۋە مۆلدۈرگە ئايلىنىدۇ.

61. يامغۇر ۋاقتىدا ئاقۇش بۇلۇتلار بولسا، ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىدىن بېشارەت.

62. يامغۇر ۋاقتىدا كۈچلۈك شامال چىقسا، ھاۋانىڭ ئېچىلىشىنى، كۈننىڭ ياخشى بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

63. يامغۇر ياققاندا ھەسەن-ھۈسەن چىقسا، يامغۇر تىنىدۇ. ئەگەر يامغۇردىن كېيىن ھەسەن- ھۈسەن چىقسا، يامغۇرنىڭ يېغىشى داۋاملىشىدۇ.

64. يامغۇر يەرگە تېز سىڭسە،كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ يامغۇر-يېشىنلىق بولۇشىدىن دالالەتتۇر.

65. يېڭى ئاينىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭ شامال بولسا، پۈتۈن ئاي داۋامىدا شامال چىقىشى ئېھتىمال.

66. يېڭى ئاينىڭ ئۇچلىرى نازۇك كۆرۈنسە، كۈنلەر سالقىن بولىدۇ.

67. يېڭى ئاينىڭ يۇقىرىقى بېشى يېپىقراق، تۆۋەنكى بېشى قەشقەر ئورغىقىغا ئوخشاش ئېگىلىپرەك تۇرسا، قىش كۈنلىرى ئاينىڭ ئون بەشگە قەدەر ھاۋا سوغۇق بولىدۇ. ياز كۈنلىرى بولسا، ئون بەشگە قەدەر شاماللىق بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى بېشى ئېگىلىپ، تۆۋەن بېشى يېپىلىپراق تۇرسا، ئون بەشگە قەدەر سالقىن ھەم سەلكىنلىك بولىدۇ. ئون بەشىدىن كېيىن ھاۋا تۈزۈلىدۇ.

68. يېڭى تۇغۇلغان ئاينىڭ ئۇچلىرى بەكمۇ ئۇچلۇق بولۇپ، گەردىشى ئېگىلىپ تۇرسا، يازدا سالقىن، قىشتا سوغۇق بولىدۇ.

توپلىغۇچى: م. ئوبۇلقاسىم



# چۆچەك خەلقىنىڭ سوقۇم ئادەتلىرى



**مەمتىمىن ئابدۇخالىق**

سوقۇم ئادەتلىرى چۆچەك، غۇلجا، قومۇل قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت مىراسىدۇر.
‹‹سوقۇم›› دېگەن بۇ سۆزنى بىر قىسىم كىشىلەر چۈشەنمىسۇ، بىر قىسىم ئادەملەر ئۇقماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۈم.
مەن چۆچەك خەلقىنىڭ سوقۇم ئادەتلىرىنى يېزىشنى خېلى بۇرۇنلا پىلانلاپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى زىيارەت قىلدىم. سوقۇم سۆزىنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق بىرەر قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالماي يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، چۆچەك شەھىرى قارا دۆڭ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابلەت ئاكىنىڭ سوقۇم توغرۇلۇق خېلى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ 2007 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ( ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 5دە ) ئۇ ئادەمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىيار ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىمنىڭ ياردىمى بىلەن ئابلەت ئاكىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئابلەت ئاكا 80 ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ ناھايىتى تېتىك، ساغلام،گەپ - سۆزلىرى جايىدا ئىدى. بىز بىر قۇر سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن دادامنىڭ سالامىنى يەتكۈزگەچ، ئۆزۈمنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇم. چۈنكى ئابلەت ئاكام بىلەن دادام ياخشى تونۇشلاردىن ئىكەن. مەن ئابلەت ئاكامنىڭ ۋاقتىنى ئالماسلىق ئۈچۈن كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ئۇدۇللا ئېيتتىم. ئابلەت ئاكام سوقۇم توغرىسىدا ئىزدىنىپ كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپلا «ئۇنداقتا تۇرۇپ تۇر، مەن ساڭا بىر نەرسە كۆرسىتەي» دەپ، ئىشكاپنى ئېچىپ بىر يېشىل رەڭلىك سومكىنى ئېلىپ، ئىچىدىن بىر خاتىرىنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلىغاچ، ماڭا سۆزلەشكە باشلىدى« مەن بۇنىڭ ھامىنى بىر كۈنى كېرەك بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بالام مانا بۇ مېنىڭ كۈندىلىك خاتىرەم، سەن سورىغان «سوقۇم » توغرىسىدا مەن بۇنىڭدىن 60 يىل ئىلگىرى خاتىرىلەپ قويغان بىر قولىيازمام بار «دەپ قولىيازمىنى كۆرسەتتى. خاتىرىدە:( 1947 -يىلى قىش بىز غۇلجىلىق رۇس لېسكىن قوماندانلىقىدىكى 3 - ئاتلىق بىرىگادا ئالتايغا بېرىپ باندىت تازىلاپ قايتقاندا، ئالتاينىڭ چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ كۆكساي دېگەن يېرىدە پولات ئىسىملىك 80 ياشقا يېقىنلىغان بىر قازاق ئاقساقالنىڭ ئۆيىدە بىر ۋاخلىق كەچلىك تاماقتا بولدۇق. شۇ چاغدا پاراڭ ئارىلىقىدا لېسكىن پولات ئاقساقالدىن «مۇشۇ سىلەر .سوغىم- سوغىم› دەيسىلەر، بۇ نېمە گەپ؟ » دەپ سورىغاندا، پولات ئاقساقال :«سوغىم دېگەن قىرغىزچە ‹سوغۇم › دېگەن سۆزغۇ. بۇ سۆزنىڭ قىشلىق ئوزۇقلۇق غەملەش دېگەن مەنىسى بار» دەپ جاۋاب بەردى.
ئابلەت ئاكام شۇ تارىخنى ئەسلەپ:«شۇ چاغدا ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە،پولات ئاقساقالنىڭ بۇ سۆزلىرىنى لېسكىن ماڭا خاتىرىلەپ قوي دېگەن ئىدى» دەپ، شۇ چاغلارنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتتى ۋە سوقۇم توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. مەن سوقۇم سۆزىنىڭ ئەسلىي بىلدۈرگەن مەنىسى توغرۇلۇق خېلى قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشكىنىمدىن خۇشال بولۇپ، ئابلەت ئاكامغا رەھمىتىمنى ئېيتىپ، ئۆيگە قايتتىم. بۇ ماقالەمنى يېزىش جەريانىدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، موڭغۇل، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن 50 دەك دېھقان، چارۋىچى ۋە زىيالىينى زىيارەت قىلدىم. مەقسىتىم- چۆ-

چەك خەلقىنىڭ سوقۇم ئادەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشـ
تۇرۇپ ئۆتۈش ۋە ئۇزۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان
بۇ ئادىتىمىزنى ساقلاپ قېلىش تەشەببۇسۇمنى ئوتتوـ
رىغا قويۇشتىن ئىبارەت.

**«سوقۇم» سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە يېزىلىشى**

بۇ سۆزنى ئۇيغۇرلار «سوقۇم»، قىرغىزلار«سوغۇم»،
قازاقلار«سوغىم» دەپ قوللىنىلىۋاتىدۇ. بەزىلەر بۇ
سۆزنى «سوقۇما» دەپ ئاتايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.
«سوقۇم» بىلەن «سوغۇم » سۆزى گەرچە « ق»
ۋە « غ» ھەرپى بىلەن پەرقلەنسىمۇ، ئەمما چۆچەكـ
تىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تاتار، ئۆزـ
بېك، داغۇر، شىبە ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى
سوقۇمنىڭ قىشتا يەيدىغان ئوزۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ناـ
ھايىتى ئوبدان بىلىدۇ.

مەن ئابلەت ئاكامنىڭ سوقۇم توغرىسىدىكى يۇقىرىقى
ئۇچۇرىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ
يەنىمۇ بىرقەدەر ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۇيغۇرچە،
قازاقچە سۆزلۈكلەرگە قاراپ باقتىم، سۆزلۈكلەردە
بۇ سۆزنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى تۆۋەندىكىچە يېزىلىپتۇ:

①سوقۇم: ئىسىم. قىشلىق ئوزۇق ئۈچۈن تەييارلانغان
گۆش. ئاتنى 3 ـ 4 يىل ئىشلىتىۋالىمىز ـ دە، ئاندىن
سەمرىتىپ سوقۇم قىلىمىز.

② سوقۇم قىلماق: قىشتا يېيىش ئۈچۈن بىرەر سېـ
مىز، چوڭراق مال سويماق.

③ سوقۇملۇق: سۈپەت. سوقۇم قىلىش ئۈچۈن تەيـ
يارلانغان سوقۇم قىلىشقا بولىدىغان، سوقۇمغا لايىق
سوقۇملۇق مال.

④ سوغىم: ئىسىم. قىشتا سويۇلىدىغان بورداقـان
مال.

‹‹قازاقچە ـ خەنزۇچە سۆزلۈك››تە: سوقۇم
سوقۇم گۆشى冬肉 دەپ يېزىلىپتۇ.

قىرغىزچە سۆزلۈكنى تاپالمىدىم. 2007 ـ يىلى
9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىنگـ
لىز تىلىدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلىك پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىـ
تۇتىنىڭ دوكتورى ئوسمان ئىسمائىل مۇئەللىمنىڭ تەـ
مىنلىگەن ئۇچۇرى بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرـ
سىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مامبەت
تۇردۇ مۇئەللىمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە
قېتىم تېلېفون قىلىپ مەقسىتىمنى ئېيتىپ بۇ ماقالىدىن
خەۋەردار قىلغان ئىدىم. ۋاقتىمىزنىڭ توغرا كەلمەـ
گەنلىك سەۋەبىدىن بىر ئايدەك كۆرۈشەلـ
مەي، 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى (يەكشەنـ
بە) سائەت4دە كۆرۈشتۇق. مامبەت مۇئەللىم مېنىڭ
كېلىش مەقسىتىمنى ئېنىق بىلگەچكە، ماقالەمنى بىر
قۇر كۆرۈپ چىقىپ، ئۆز قارىشىنى سۆزلەشكە باشـ
لىدى:‹‹سىز بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەندىن كېيىن،
سوقۇم سۆزى توغرۇلۇق خېلى ئويلىنىپ باقتىم. مېـ
نىڭچە، سوقۇم سۆزى گەرچە يېزىلىش ۋە تەلەپپۇزدا
بىر قىسىم تاۋۇشلاردا پەرق بولسىمۇ بۇ سۆز تۈركىي
تىللىق مىللەتلەرگە ئورتاق سۆز بولۇشى مۇمكىن.
مەن بۇ سۆزنى پالانچى مىللەتنىڭ دەپ ئېيتالمايـ
مەن. ئەمدى قىرغىز تىلىدىكى سوغۇم سۆزى بەلكىم
ئەسلي ‹سوغغۇم ›بولۇپ كېيىنچە تەلەپپۇزدا تېز
ئېيتىلىپ بىر‹ غ › تاۋۇشى قىسقىراپ‹سوغۇم › بوـ
لۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ››دەپ، سوقۇم ئاـ
دەتلىرى توغرىسىدا بىلگەنلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ
بەردى.

قىسقىسى، سوقۇم دېگىنىمىز قىش پەسلى كىرىش
بىلەن تەڭ، قار يېغىپ، ھاۋا سوۋۇشقا باشلىغاندا
قىشلىق ئوزۇقلۇق ئۈچۈن مال سويۇپ، ئالدىن تەيـ
يارلاپ قويۇلىدىغان گۆش دېگەنلىكتۇر.

سوقۇمغا سويۇلىدىغان ماللار ۋە سويۇلمايدىغان
ماللار

سوقۇمغا ھەر قايسى ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ
ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ قوي، كالا، ئات، تۆگە
قاتارلىق ماللار سويۇلىدۇ. ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمىغا
ئاساسلانغاندا، 85% تىن ئارتۇق ئائىلىلىك سوقۇمغا
كالا سويىدىكەن، بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك
بىر نۇقتا سوقۇمغا قوچقار، تىكە، بۇقا، ئايغىر، بۇ-
رى (تۆگىنىڭ ئەركىكى) قاتارلىق ئەركەك ماللار ئاسا-
سەن سويۇلمايدىكەن. سەۋەبى ئەركەك ماللارنىڭ
گۆشى پۇرايدىكەن. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئەركەك
ماللارنىڭ سۆيدۈكى بەدىنىگە تاراپ كېتىدىغان بول-
غاچقا ئۇزاق ساقلاشقا بولمايدىكەن. شۇڭا سوقۇمغا
ئاختىلانمىغان ئەركەك ماللار سويۇلمايدىكەن.

**سوقۇم تەييارلاشتىن مەقسەت**

بۇ دېگىنى ئادەتتە 12-ئايلاردا سويۇلغان سوقۇم
گۆشى 3، 4-ئاي ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە 5—6--
ئايلارغىچە ساقلىنىدىكەن. سوقۇم سويۇۋالغان ئائىلە-
لەر شۇ 12-ئايدىن 5، 6- ئايلارغىچە بولغان
جەرياندا ئۆيگە مېھمان كەلگەندە بولسۇن ياكى ئادەت-
تىكى چاغلاردا بولسۇن گۆشتىن ئەنسىرەپ كەتمەيدى-
كەن. شۇڭا چوڭلار سوقۇم گۆشىنى ناھايىتى بەرد-
كەتلىك ۋە بىرخىل توقچىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ
قارايدىكەن.

12- ئايلاردا سويۇلغان سوقۇم گۆشى تۇز ۋە سام-
ساق )بەزى ئائىلىلەر قارامۇچمۇ ئىشلىتىدىكەن. لېكىن
ئاتنىڭ گۆشى تەبئىي ئىسسىق بولغاچقا، ئۇنىڭغا قا-
رىمۇچ ئارىلاشتۇرمايدىكەن( بىلەن تۇزلىنىپ بولغاندىن
كېيىن، قانچە ئۇزۇن ئېسقلىق تۇرۇپ ساقلانغانسېرى
تۇز ۋە سامساقنىڭ تەمى گۆشكە شۇنچە سىڭىپ،
تەممۇ شۇنچە تەملىك بولىدىكەن. ھەتتا ئۇزاقراق
ساقلانغاندا تۇز ۋە سامساقنىڭ تەمى سۆڭەككىمۇ سى-
ڭىپ كېتىدىكەن. بەزى ئادەملەرنىڭ سوقۇم گۆشىنىڭ
سۆڭىكىنىمۇ غاجلاپ يەپ كېتىشنىڭ سەۋەبى شۇ ئە-
كەن.

**سوقۇم گۆشى تېجەشلىك بولىدۇ**

ھەممىمىزگە مەلۇم قىشتا مال يېمىنىڭ باھاسى
باشقا پەسىللەرگە قارىغاندا ئۆرلەيدۇ. مال يېمىنىڭ
باھاسى ئۆرلەش بىلەن تەڭ مالنىڭ باھاسىمۇ ئۆر-
لەيدۇ. مالنىڭ باھاسى ئۆرلىگەن ئىكەن، ئەلۋەتتە
گۆشنىڭمۇ باھاسى ئۆرلەيدۇ، بۇ ئەمەلىيەت. شۇڭا
قىش كىرىش بىلەن تەڭ سويۇۋېلىنغان سوقۇم گۆشى
نورغۇن ئائىلىلەر ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادنى
تېجەش رولىنى ئوينايدىكەن.

كەچكۈزدە ماللار سېمىز بولۇپ، سوغۇق چۈشۈپ
قار يېغىشقا باشلىغاندا، سوقۇم سويۇۋېلىنمىسا قىشتا
ماللار كۈز پەسلىگە قارىغاندا ئورۇقلاپ كېتىدىكەن،
ئورۇق ماللار سوقۇمغا يارىمايدىكەن.

سوقۇم سويۇش ۋاقتى، ئورنى، گۆشنى پار-
چىلاش، تۇزلاش ۋە سۆرلەش جەريانلىرى

**ۋاقتى ۋە ئورنى**

چۆچەكتىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ ( 2002- يىلدىن بۇيان ھويلا- ئارام-
لىرىنى سېتىۋېتىپ بىنالاردا ئولتۇراقلىششقا قاراپ يۈز-
لىنىش بولماقتا)% 90 تىن ئارتۇقى ھويلا- ئاراملىق
قورۇلاردا ئولتۇرىدۇ. ھەر يىلى قىشتا سوقۇم سوي-
غاندا ھەر قايسى ئائىلىلەر ئۆز قورۇسىدا سويىدۇ.
قايسى ئائىلىدە سوقۇم سويۇلسا يېقىن ئەتراپتىكى ئو-
رۇق تۇغقان، دوست-بۇرادەر ۋە قولۇم قوشنىلىرى
كېلىپ سوقۇم سويغۇچىغا ياردەملىشىپ، مالنى سو-
يۇشۇپ، پارچىلىشىپ ۋە تۇزلىشىپ بېرىدۇ. چۈنكى
سوقۇم سويۇش ۋاقتى قىشنىڭ بېشى ھاۋا سوۋۇشقا
باشلىغان ۋاقىتدا بولغاچقا بىرەر كالىنى سويۇپ،
پارچىلاپ، تۇزلاپ بولۇش ئۈچۈن خېلىلا كۈچ ۋە
ۋاقىت كېتىدۇ. سوقۇم سويۇلۇش ۋاقتى گەرچە قىش
كۈنلىرى ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ ئەتراپتىكى ھەرخىل



پاراڭلار، سويۇلۇۋاتقان مالغا بېرىلىۋاتقان باھالار، سويۇلۇۋاتقان مالنىڭ ئىڭراشلىرىغا قارىتا ئېيتىلىۋاتقان بەسلىششلەر ۋە باشقىلارنىڭ سويۇلغان ۋە سويماقچى بولغان سوقۇمنىڭ پاراڭلىرى بىلەن قىزىپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمۇ بىلىنمەي قالىدۇ. شۇ كۈنى سوقۇم سويغان ئائىلە قازانغا گۆش سېلىپ سوقۇم سويۇشقا ياردەملەشكەنلەرنى مېھمان قىلىدۇ.

**سوقۇم گۆشنى پارچىلاش**

سوقۇم سويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن گۆشنى پارچىلىغاندا ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق تەرتىپى ۋە قائىدىسى بولىدۇ. خۇددى بويۇن، تۆش قوۋۇرغا، بەلدىمە، يىلىك دېگەندەك ھەر قايسى ئايرىم-ئايرىم قىلىپ پارچىلىنىدۇ. سوقۇم گۆشنىڭ پارچىلىنىشى ئادەتتە ئۆي ئىگىسىنىڭ تەلىپى بويىچە بولىدۇ.

**سوقۇم گۆشنى تۇزلاش**

سوقۇم گۆشى پارچىلىنىپ بولغاندىن كېيىن تۇز بىلەن سامساقنى ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇم گۆشنى تۇزلاپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا تۇز گۆشكە تەم كىرگۈزسە، سامساق ھەم تەملىك قىلىدۇ،ھەم ھەر خىل باكتېرىيەلەرنىڭ يۇقۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنىمۇ ئوينايدىكەن،شۇڭلاشقا سوقۇم سويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ۋاقتىدا تۇز ۋە سامساق بىلەن تۇزلىنىدىكەن. ئادەتتە تۇزلانغان سوقۇم گۆشنى شۇ سويۇلغان مالنىڭ تېرىسىدە يۆگەپ (ياكى تەڭلا، داس قاتارلىق نەرسىلەر بولسىمۇ بولىدۇ) بىر-ئىككى كۈن تۇرغۇزىدىكەن. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت تۇز ۋە سامساقنىڭ تەمى يېڭى سويۇلغان سوقۇم گۆشكە سىڭىپ، گۆشتىكى ئۇشۇقچە قانلارنىڭ ۋە سېرىق سۇلارنىڭ پاكىز ئېقىپ كېتىشى ئۈچۈندۇر.

**سوقۇم گۆشنى سۈرلەش**

بەزى ئائىلىلەر سوقۇم گۆشنى سۈرلىۋالىدۇ، يەنى سوقۇم گۆشنى تۇز ۋە سامساقنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر-ئىككى كۈن تۇرغۇزۇۋالغاندىن كېيىن مەخسۇس ياسالغان ياكى تەييارلانغان ئۆيدە ئوت يېقىپ سۈرلەيدۇ. سوقۇم گۆشنى سۈرلىگەندە ھەر قايسى جايلارنىڭ سۈرلەش ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمايدىكەن. بەزى جايلاردا ئارچا دەرىخى، بەزى جايلاردا ئالما دەرىخى ياغىچىنى كۆيدۈرۈپ سۈرلەيدۇ.

**تۇزلانغان ياكى سۈرلەنگەن سوقۇم گۆشنى ساقلاش ئۇسۇللىرى:**

سوقۇم گۆشنى ساقلاشنىڭ تۈرلىرىمۇ ھەرخىل بولۇپ،بۇلارنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

سوقۇم گۆشى رەتلىك پارچىلىنىپ، تۇز ۋە سامساق بىلەن تۇزلىنىپ بىر ئىككى كۈن تۇرغۇزۇۋزۇلغاندىن كېيىن مەخسۇس تەييارلانغان ئۆيگە رەتلىك قىلىپ ئاسقۇلارغا ئېسىپ قويىدۇ. قىشتا سوقۇم گۆشنى يېگەندە ئۆزلىرى يېمەكچى بولغان گۆشنى بەرەر كۈن ياكى بىر نەچچە سائەت بۇرۇن ئېلىپ ئۆيگە ئەكىرىپ قويىدۇ. چۈنكى قىشتا بۇ ئېسىپ قويۇلغان سوقۇم گۆشلىرى خۇددى توڭلاتقۇدا مۇزلاپ قالغاندەك سوغۇقتا قېتىپ قالىدۇ.

بەزى ئائىلىلەر سوقۇم گۆشنى ئۇن ساندۇقلىرىغا سېلىپ ئۇنىغا ئارىلاشتۇرۇپ. ئۇن بىلەن كۆمۈپ قويىدۇ. سوقۇم گۆشنى بۇنداق ساقلاشنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق ئارتۇقچىلىقلىرى بار بولۇپ، بۇنىڭدا سوقۇم گۆشى ھەم پاكىز، ھەم ئەسلىي ھالىتىنى يوقاتمىغان ھالدا ساقلىنىدىكەن.

دالىلاردىكى ياكى تاغلىق رايونلاردىكى بىر قىسىم ئائىلىلەر سوقۇم گۆشنى تۇزلاپ ياكى سۈرلەپ بولغاندىن كېيىن قورۇتۇپ (شامالدىتىپ) خالتا ياكى تاغارلارغا سېلىپ قارغا كۆمۈپ قويىدىكەن. سوقۇم گۆشنى يېمەكچى بولغاندا ئۆزلىرىگە كېرەكلىك گۆشنى ئېلىپ قالغانلىرىنى يەنە ئورنىغا قار بىلەن كۆمۈپ قويىدىكەن. ئەمما يېقىنقى بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان قىشتا ئىلگىرىكى يىللاردىكىدەك سوغۇق بولمايدىغان، قارمۇ كۆپ ياغمايدىغان تەبىئىي ئەھۋاللارنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ خىل ئۇسۇل بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئاستا - ئاستا قوللىنىشتىن قېلىۋېتىپتۇ.

چوڭراق ئىدىشلارغا رەتلىك تىزىپ سېلىپ، ئوت يېقىلمايدىغان ئۆيگە قويۇپ قويىدىكەن، لېكىن بۇ خىل ساقلاش ئۇسۇلى ئانچە كۆپ قوللىنىلمايدىكەن. ئاڭلىشىمچە ئىدىشتىكى گۆش ھاۋانىڭ ئاستا - ئاستا ئىللىشى بىلەن ئاستى تەرىپى قىزىرىپ بۇزۇلۇشقا باشلايدىكەن. لېكىن گۆشنى ئېسىپ ساقلاشقا ئامالسىز قالغان ئاز ساندىكى ئائىلىلەر سوقۇم گۆشنى مانا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ ساقلايدىكەن.

تاغلىق رايونلاردا بەزىدە سوقۇم گۆشنى ھاۋا ئۆتۈشىدىغان كۈن چۈشمەيدىغان ئۆڭكۈرلەردىمۇ ساقلاش ئۇسۇللىرى بار ئىكەن.

شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ۋە ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم ئائىلىلەر سوقۇم گۆشنى ساندۇقلۇق توڭلاتقۇلاردا ساقلاۋاتىدۇ. بۇمۇ ئەلۋەتتە ھەم قولايلىق، ھەم بىخەتەر، لېكىن چوڭلاردىن ئاڭلىشىمچە توڭلاتقۇدا توڭلىتىپ قېتىپ كەتكەن گۆشنىڭ تەمى مەخسۇس تەييارلانغان ئۆيدىكى ئوچۇقچىلىقتا ئېسىپ قويۇلغان گۆشنىڭ تەمىگە يەتمەيدىكەن.

بۈگۈنكى چۆچەك خەلقىنىڭ سوقۇم ئادەتلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئىلگىرىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىشتا سوقۇم سويۇۋالىدىغان يەرلىك ئادىتىنىڭ يىلدىن يىلغا ئازلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ چۆچەكلىكلەرنىڭ قىشتا سوقۇم سويۇۋالىدىغان ئادىتىنىڭ ئاستا - ئاستا يوقىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقىدىن ئالدىن بېشارەتتۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم ئارمان شىركىتى يوقىلىپ بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئوزۇقلىنىپ كەلگەن تالقاننى ئەسلىنى، نامىنى يوقاتمىغان ھالدا يېڭى تېخنىكىلار بىلەن ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا، جۇڭگوغا ھەتتا دۇنياغا تونۇتتى. دېمەك، ئارمان شىركىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تالقان مەدەنىيىتىنى ياراتتى. شۇڭا چۆچەكتىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ خۇددى ئارمان شىركىتىدەك ئۆزلىرىنىڭ ئاتا بوۋىلىرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قىشتا سوقۇم سويۇۋالىدىغان، سوقۇم گۆشنى تۇزلاپ، سۈرلەپ ئۇنىڭدىن چۇچۇق، قىزا تەييارلىۋالىدىغان ئادىتىنى داۋاملاشتۇرالىسا، سوقۇم ئادىتىمۇ بىرگە داۋاملاشقان بولاتتى.

كۆرسەتكۈچلەر:

① «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل نەشرى.
② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (3 - قىسىم) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىل نەشرى.
③ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 -يىل نەشرى.
④ «قازاق تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1999 -يىل نەشرى.



# «نۇردىن تۇغۇلۇش » موتىفىنىڭ كۆچۈشى

يالقۇن تۇرسۇنىياز

موتىف دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تومپسىن ئوتتۇرىغا
قويغان. ئۇ ئارنېي تۈزگەن خەلق چۆچەكلىرى ۋەقە-
لىكى تىپىنىڭ ئاچقۇچىنى تۈزۈتۈش جەريانىدا ، پە-
قەت ۋەقەلىك تىپىغا ئاساسەن ئاچقۇچ تۈزگەندە چۆ-
چەك ۋەقەلىكىنى ئىزدەش ۋە چۆچەك تەتقىقاتىنىڭ
ئېھتىياجىنى تازا قاندۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان.
شۇنىڭ بىلەن تومپسىن ۋەقەلىكنى يەنىمۇ بىر قەدەم
ئىلگىرىلەپ ئەڭ كىچىك بىرلىك يەنى موتىفلارغا ئاج-
رىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. سېلىشتۇرما تەتقىقاتتىن
ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ موتىف بولسا ۋەقەلىككە قارىغاندا
ناھايىتى كەڭ كۆلەمدىكى خەلقئارالىقىقا ئىگە بولغاچقا
تومپسىن1932 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە نا-
ھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، 6 توملۇق «خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ موتىفلار ئاچقۇچى» نى تۈزۈپ
چىققان. بۇ كىتابىغا خەلق چۆچەكلىرىدىكى مۇتىفلارنى
كىرگۈزۈپلا قالماي يەنە ئەپسانە، داستان، مەسەل ۋە
چاقچاق قاتارلىقلارنىڭ موتىفىنىمۇ كىرگۈزگەن.
موتىف -خەلق چۆچەكلىرى، ئەپسانە ۋە داستانلار
قاتارلىق باياني ژانىرلاردىكى ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەر-
لىرىدىكى مەزمۇن بايانىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئەمەلىيەتتە بارلىق موتىفلار ۋەقەلىككە نىسبەتەن
ئېيتىلغان. ۋەقەلىك بولسا بىر قانچە موتىفلارنىڭ
ئورگانىك بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ ياكى بىر قاتار نىس-
پي مۇقىملىققا ئىگە بولغان موتىفلارنىڭ گۇرۇپپىلاپ
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن بىر ئەسەر ۋەقەلىك مەزمۇنىمۇ
شەكىللىنىدۇ. نۇرغۇن موتىفلارنى ئالماشتۇرۇش ۋە
موتىفلارنىڭ ئورگانىك بىرىكىشىدىن ۋەقەلىك شەكىللە-
نىدۇ ياكى نۇرغۇن موتىفلارنى ئالماشتۇرۇش ياكى يە-
ڭى تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى بىر ئە-
سەرنى ياراتقىلى، ھەتتا بۇ ئارقىلىق ئەسەرلەر ژانىرى-
نىمۇ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.
دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قايسى مىل-
لەتلەرنىڭ ئەل ئەدەبىياتىدىكى موتىفلار ئاساسەن
ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
ياشىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە ئەينى چاغدىكى
تۇرمۇش ئادەتلىرى ئاساسىدىكى پەرقلەر يەنە بەزىبىر
موتىفلارنىڭ روشەن پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تارقىلىشچان ۋە تارقىلىش
جەريانىدا مەلۇم نىسبەتتە ئۆزگىرىدىغان خۇسۇسىيەتكە
ئىگە بولغاچقا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئې-
غىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تارقىلىش جەريانىدا مەيلى
مەزمۇن بولمىسۇن ۋە ياكى شەكىل جەھەتتىن بول-
مىسۇن ئۆز ئارا بىر- بىرىگە ناھايىتى روشەن تەسىر-
لەرنى كۆرسەتكەن. بۇ تەسىرلەرنى تارقىتىش قوبۇل
قىلىش مۇناسىۋىتىنى چىقىش قىلىپ، ئەسەرلەر تار-
قالغان بىرەر جۇغراپىيىلىك دائىرە ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش
يۆنىلىشىنى ئىگىلەش ئارقىلىق، مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ
قايسى رايوندا ياكى قايسى مىللەتتە بالدۇر پەيدا
بولغانلىقىنى، ئاندىن قايسى مىللەت ياكى قايسى
رايونغا تارقالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ. بۇ
يەنە بىر مىللەتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى
مەلۇم بىر ژانىردىكى مەلۇم بىر موتىفىنىڭ يەنە بىر
ژانىرغا كۆچۈشىدەك ئەھۋاللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئەمما بىر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىدىكى مەلۇم بىر
ژانىرنىڭ يەنە بىر ژانىرغا ئۆزگىرىش ھادىسىسىنى يەنى-
مۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بىز-

نىڭ بۇ يەردە ھەل قىلىدىغان مەسىلىمىز بۇ ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا بىر قىسىم نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، مۇتىفلارنى تەتقىق قىلىپ رەتلەپ ئۇنى مەلۇم سىستېمىغا كەلتۈرۈش ئىشى تېخى سىستېمىلىق ئىشلەنمىدى.

ئەمما ئوسمان ئىسمايىل خەلقئارادىكى چۆچەك تەتقىقاتىدىكى يېڭى نەزەرىيىلەرنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈر بولغان ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئىشلەپ، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا تىپلارغا ئاجراتقان، ئەنئەنىۋى مۇتىفلارنى ئايرىغان ۋە مەزمۇنىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرگەن.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردە جۈملىدىن پېرسوناژلارنىڭ نۇردىن تۇغۇلۇشىغا ئائىت ئەپسانىلەر خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئەتراپلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

بىز بۇ ماقالىمىزدا دەل ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە ژانىرىدىكى «تۇغۇلۇش مۇتىفى»نىڭ ئىچىدىكى «نۇردىن تۇغۇلۇش مۇتىفى» نىڭ رىۋايەتلەرگە كۆچۈش ھادىسىسىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىمىز.

ئۇيغۇر خەلقى يىراق قەدىمكى زاماندا ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەبىئەت قاراشلىرىغا ئاساسەن مول مەزمۇنلۇق ئەپسانىلەرنى ياراتقان. بۇ ئەپسانىلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەتكە بولغان ساددا چۈشەنچىلىرى ئىپادىلەنگەن بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە، ئۇلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى قامداشقا بولغان ئۇرۇنۇشلىرى، شۇنداقلا گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى ئىلاھلاشتۇرۇلغان ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولغان «يارىلىش ئەپسانىلىرى» دە دەل قەدىمكى ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يەر شارىغا قانداق يول بىلەن پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي ئىزدىنىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

«ئوغۇزخان» داستانىدىكى ئوغۇزخانىنىڭ ئايالىنىڭ نۇردىن تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىسىدە مۇنداق بايان بېرىلگەن «كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز خاقان بىر جايدا تەڭرىگە سېغىنىۋاتاتتى، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى، بۇ نۇر كۈندىن نۇرلۇق، ئايدىن يورۇق ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز بارلىقىنى كۆردى، ئۇ قىز تەنها ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئاتەشتەك نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، بۇ مېڭى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى. بۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، ئۇ كۈلسە، كۆك تەڭرىمۇ قوشۇلۇپ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا كۆك تەڭرىمۇ بىللە يىغلار ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇ قىزنى كۆردى - دە، ئەس - ھوشىنى يوقاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى، بۇ قىزنى ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ئارمانىغا يەتتى، بۇ قىز ھامىلدار بولدى، كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ كۆزى يورىدى ۋە ئۈچ ئوغۇل تۇغدى، تۇنجىسىغا كۈن، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي ۋە كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى »① .

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەن لۇشەننىڭ زامانىدىشى ياۋ رۇنېڭ يازغان ئەن لۇشەن قىسسىسى دېگەن ئەسەردە خاتىرىگە ئېلىنغان ئەن لۇشەننىڭ تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىدە نۇردىن تۇغۇلۇش توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بايان بار② :

بۇ ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«ئەن لۇشەن يىڭجۇلۇق شالغۇت غۇزلاردىن بولۇپ، ئەسلىي ئىسمى ئاتلاغسان. ئۇنىڭ ئاتىسى تۈركلەرنىڭ ئاشىدېل ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئەسلىدە بىر پېرىخون ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا ئۇ ئاتلاغسان تەڭرىسىگە تېۋىنىپتۇ. ئەن لۇشەن مانا مۇشۇ تەڭرىدىن ئاپىرىدە بوپتۇ. ئەن لۇشەن تۇغۇلغان كېچىسى ئالەم قىزىل نۇرغا پۈركىنىپتۇ، ئەتراپتىكى ھايۋانلار ھۇۋلاپ - ھۆركىرىشىپ كېتىپتۇ. كۆككە قاراپ تۇرغانلار ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچقۇنلارنىڭ ئانا ياتقان چېدىر ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئاجايىپ ئىش خېلى بىر مەزگىللەرگىچە داۋاملىشىپتۇ. ئانا بۇنى تەڭرىنىڭ كارامىتى دەپ قاراپ تۇغۇلغان

ئوغۇلغا ئاتلاغسان دېگەن تەڭرىنىڭ ئىسمىنى قويۇپتۇ.
تۈركلەر ئۇرۇش تەڭرىسىنى ئاتلاغسان دەپ ئاتايدى-
كەن. ئۇ دادىسىدىن كىچىك يېتىم قالغاچقا ئانىسى بى-
لەن تۈركلەر ئارىسىدا چوڭ بولۇپتۇ».

يۇقىرىدىكى ئەپسانە دەل تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
755 ـ يىلى پارتلىغان ئەن لۇشەن، شىسىمىڭلار
توپىلىڭىنىڭ داھىيسى يەنى تاڭ سۇلالىسىنى زاۋاللىققا
يۈزلەندۈرگەن قوزغىلاڭنىڭ داھىيسى ئەن لۇشەننىڭ
دۇنياغا كېلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە.

«ئوغۇزخان» داستانىدىكى ئوغۇزخاننىڭ ئايالىنىڭ
«نۇر»دىن تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىدە ۋە ئەن
لۇشەننىڭ « نۇر» دىن تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى
ئەپسانىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان

« نۇردىن تۇغۇلۇش» توغرىسىدىكى بۇ موتىف،
ئۇيغۇرلارنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى بىر تۈپكى
موتىف.



بۇ «نۇردىن تۇغۇلۇش» توغرىسىدىكى موتىفنى كې-
يىنكى دەۋرلەردە ئەجدادلار يەنە رىۋايەتكە يۆتكەپ
ياكى كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن. بۇ موتىف « بۇگۇخان
(بۇقۇ تېكىن )» رىۋايىتىدە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلى-
نىدۇ:

«ئۆز زامانىسىدا قاراقۇرۇمدا تۇغلا ۋە سېلىنگا دەيدى-
غان ئىككى دەريا بولۇپ، ئۇلار «قاملانچۇ»دېگەن يەر-
دە بىر ـ بىرىگە قوشۇلىدىكەن. بۇ ئىككى دەريا ئارى-
لىقىدا ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بارئى-
كەن، ئۇلار ئۇنىڭ بىرىنى خۇسۇخ دەيدىكەن. ئۇ قا-
رىغايغا ئوخشاش بولۇپ، يوپۇرماقلىرى قىشتا قېيىن
دەرىخىگە ئوخشاپ قالىدىكەن. مېۋىسىمۇ قارىغاي ئۇ-
رۇقىغا ئوخشايدىكەن. يەنە بىرىنى «توز» دەپ ئا-
تايدىكەن. بۇ ئىككى دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دۆڭ
بار ئىكەن. قۇياش نۇرىدا بۇ دۆڭ بارغانسېرى چوڭى-
يىپ ئېگىزلەپتۇ. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ مۆجىزىنى
كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۇلار بۇ دۆڭگە ئەيمىنىپ
تەزىم قىلىپ يېقىنلىشىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇلارغا ناخشىغا
ئوخشاش يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھەر كۈنى كەچتە
شۇ دۆڭنى چۆرىدەپ،30 قەدەم ئارىلىققا بىر پارچە
نۇر چۈشۈپ تۇرىدىكەن، دۆڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى
ھامىلدار ئايال بوشانغاندىكىدەك دۇنياغا يېڭى كەلگەن
بوۋاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ دە، دۆڭلۈكتىن بىر ئىشىك
ئېچىلىپتۇ . قاراشسا دۆڭلۈكنىڭ ئىچىدە چېدىردەك
بەش ھۇجرا، ھۇجرىلار ئىچىدە بىردىن ئوغۇل بالا
ئولتۇرغىدەك، بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېغىزىدا بىردىن
ئېمىزگۈ بار ئىكەن. ھەر بىر ھۇجرىنىڭ ئۈستىدە بىر-
دىن كۈمۈش تور يېپىقلىق تۇرغىدەك. قەبىلە ئاقسا-
قاللىرى بۇ غەلىتە ئىشنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپ،
باش ئۇرۇپ تەزىم قىلىشىپتۇ. بىردىنلا غۇر ـغۇر شا-
مال چىققاندەك بوپتۇ ـ دە، ھېلىقى بالىلار ئورنىدىن
تۇرۇپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار مېڭىپ تاش ئۆيدىن
چىقىشقا باشلاپتۇ. كىشلەر بۇ بالىلارغا قاراشقا بىردىن
ئىنكئانا تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ نامىغا تۇرلۇك مۇرا-
سىملارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بالىلار ئەمچەكتىن ئايرىلىشى
بىلەنلا تىلى چىقىپ، گەپ قىلالايدىغان بولۇپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئا-
نىسىنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ. كىشلەر ئۇلارغا ھېلىقى
ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار دە-
رەخكە خۇددى ئاتا ـ ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك
تىزلىنىپ تەزىم قىلىپتۇ. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆس-
كەن يەرگىمۇ تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ.
شۇ ئەسنادا ئۇ ئىككى تۈپ دەرەختىن ئۈشتۈمتۇتلا:
«ئەي بالىلار، سىلەر بۇ يەرگە دائىم كېلىپ بىزنى
يوقلاپ تۇرۇڭلار، بىز سىلەرگە ئۇزاق ئۆمۈر، مەڭگۈ
شانۇ شاۋكەت تىلەيمىز» دېگەن سادا كېلىپتۇ. شۇ
يەردە ياشايدىغان قەبىلىلەرنىڭ كىشلىرى كەينى-
كەينىدىن كېلىپ، بۇ بەش بالىنى خۇددى شاھزادى-
لەردەك ئىززەتلەپتۇ، ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا بۇ بالىلار-
نىڭ چوڭىغا «سەنقۇر تېكىن»، ئىككىنچىسىگە «قۇت
تېكىن»، ئۈچىنچىسىگە «توقلا تېكىن»، تۆتىنچىسىگە
«ئور تېكىن»، بەشىنچىسىگە «بۇقۇ تېكىن»دەپ ئات
قويۇپتۇ. بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرگەن كۆپچىلىك بۇ
بەش ئوغۇلدىن بىرىنى ئۆزلىرىگە ئاتلىققا ۋە پادى-
شاھلىققا تاللاشقا قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار بۇ بەش شاھزادە
تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان دەپ قارايدىكەن. بو-

قۇخان (بۇگۇخان) نىڭ پەزىلەت ۋە پاراسەتتە باشقا باللاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ھەممە قەبىلىلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلىدىغانلىقىنى بايقىشىپتۇ. شۇڭا ئۇنى خاقانلىققا كۆرسىتىپ، كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، تەختكە چىقىرىپتۇ.

بىر قېتىم بوقۇخان چۈشىدە بىر پەرىزاتقا يولۇقۇپتۇ. پەرىزات بوقوخاننى ئاق تاغ يەنى «قۇت تاغ» قا باشلاپ كەپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە يەتتە يىل ئالتە ئاي يىگىرمە كۈن بىللە تۇرۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىدىغان كېچىسى پەرىزات بوقۇخان (بۇگۇخان) غا «پۈتۈن ئالەم سىزنىڭ بولغاي» دەپتۇ. بوقۇخان (بۇگۇخان) لەشكەرلىرىنى توپلاپ، ئاغا-ئىنى، قوۋم-قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلىپ موڭغۇللار، قىرغىزلار، تاڭغۇتلار، قىتانلارنى بويسۇندۇرۇپ نۇرغۇن غەنىيمەتلەرگە ئېرىشىپتۇ ۋە ئۇ يەرگە ئوردۇبالىقنى سالدۇرۇپتۇ. بوقۇخان (بۇگۇخان) يەنە بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئاق لىباسلىق بوۋاي «بۇنى يېنىڭدىن ئايرىماي ساقلىساڭ، پۈتۈن جاھان سېنىڭ بولغاي» ەپ بىر پارچە قاش بېرىپتۇ. چۈشىدە بولغان بۇ بېشارەتتىن كېيىن، بوقۇخان )بۇگۇخان( ھەر تەرەپكە لەشكەر تارتىپتۇ. غەربتە...... بارلىق ئوت-سۈيى مول تۈزلەڭلىكلەرنى ئېلىپتۇ. ئۇ يەرگە بالاساغۇن شەھرىنى سالدۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ 21 يىل ئىچىدە پۈتۈن ئالەمنى بويسۇندۇرۇپ بولۇپتۇ».③

مىلادى1331 - يىلى تىكلەنگەن «ئىدىقۇت خانىنىڭ تۆھپىلىرى» ④دە مۇنداق خاتىرىلەر ئويۇلغان:

«قوچۇ خانىغا قاراشلىق ئۇيغۇرلار يېرىدە قارا قورۇم دەيدىغان بىر تاغ بولۇپ، تاغنىڭ يېنىدا توغلا ۋە سېلىنگا دېيىلىدىغان ئىككى دەريا بار ئىكەن، بىر كۈنى ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخنىڭ ئۈستىگە ئۈشتۈمتۇتلا نۇر چۈشۈپ، ئۇ دەرەخ ئىككى قات بولۇپ قاپتۇ. ئارىدىن توققۇز ئاي ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، دەرەخ يېرىلىپتۇ - دە، بەش بالا تۇغۇلۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كەنجىسىنىڭ ئىسمى «ئېسەن بۇقۇ قاغان» ئىكەن. ئېسەن بۇقۇ قاغان چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئېلىگە پادىشاھ بولۇپتۇ. قىرىق نەچچە ئەۋلاد 520 يىل ھۆكۈم سۈرۈپتۇ».

دېمەك، يۇقىرىدىكى ئىككى رىۋايەتتە بۇقۇخان (بۇگۇخان) نىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ مەنبەسىنى نۇر ياكى نۇرغا باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن.

بىزگە مەلۇم، «رىۋايەت— بەلگىلىك تارىخىي شەخس، تارىخىي ۋەقە، ئاسارە-ئەتىقە ۋە يەر ناملىرى، تەبىئىي مەنزىرە، ئىجتىمائىي ئادەت قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەردىن ئىبارەت.» ⑤

رىۋايەتنى رۇس ئاكادېمىكى د. ۋ. گرىكوف «خەلق ئۆزى ئېيتىپ بەرگەن تارىخ» دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بۇنى مەلۇم بىر شەخس بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئەپسانە دېگىنىمىز، ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا«ھەر قانداق بىر ئەپسانىدە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمىدە تەبىئەت كۈچلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدۇ ، تەبىئەت كۈچلىرى بويسۇندۇرۇلىدۇ ۋە تەبىئەت كۈچلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلىدۇ، شۇڭا بۇ تەبىئەت كۈچلىرىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنىشقا ئەگىشىپ ئەپسانىلەرمۇ يوقىلىدۇ».⑥

ئەپسانە ئىستىخىيلىك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىدىيۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئاڭسىز سەنئەت ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت. ئۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئىپتىدائىي تارىخىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ تونۇشىدىن پەيدا بولغان.

رىۋايەتلەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان كوللېكتىپ تونۇشىنىڭ سەمەرىسى بولغان ئەپسانىلەردىن خېلىلا كېيىن پەيدا بولغان. ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە پەيدا بولۇپ، خەلقنىڭ تەبىئەتكە بولغان ساددا ۋە خىيالىي چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە بولغان چۈشەنچىلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئەپسانىلەرنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا رىۋايەت ئېلىشقا باشلىغان . ئەپسانىلەر خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىش جەريانىدا ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار كېيىنكى دەۋردە پەيدا بولغان

MIRAS

رىۋايەتلەرگە سىڭىپ كىرگەن ياكى بۇ رىۋايەتلەرنى بەزى بىر مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلىگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خەلق ئاممىسى رىۋايەتتىكى مەلۇم بىر نەرسىنى بايان قىلىپ ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە ئامال تاپالمىغاندا، تەبىئىي ھالدا ئەپسانىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا ئىلتىجا قىلغان ياكى ئەپسانىلەردىكى بەزىبىر مەزمۇنلارنى رىۋايەتلەرگە كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ بايان قىلىپ، دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ئېپوس ۋە داستانلىرى، ئەپسانىلىرىدىكى موتىفلار ماكان ۋە زاماننىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كېيىنكى دەۋر ئېغىز ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئۈرنەكلىك رولىنى ئوينىغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان رىۋايەت، چۆچەكلەر بۇ خىل موتىفلاردىن ئۆلگە ئېلىپ ئۆز سيۇژىتلىرىنى بېيىتتى ۋە شۇ ئارقىلىق موتىفلار ئۆزىگە جۇغلىغان ياكى ئۆز ئىچىگە سىڭدۈرگەن قەدىمكى مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى دەۋرىمىزگىچە ئېلىپ كېلەلىدى .

موتىف تەتقىقاتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان تەتقىقات تېمىسى. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى موتىفلار ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرى كېلىدۇ .

كۆرسەتكۈچلەر :


①ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپ قاتارلىقلار تۈزگەن«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1984- يىل4 - ئاي1 - باسمىسى،140—141- بەتلەر.

② ئۆمەرجان نۇرى :«ئۇيغۇرلاردىكى نۇردىن تۆرۈلۈشكە دائىر تۈنجى ئەپسانە»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»،2002 - يىلى1 - سان.

③ ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا : «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1993- يىل4 - ئاي1 - نەشرى،66—67-بەتلەر.

④يۇقىرىقى كىتاب،68 —69-بەتلەر.

⑤جۇڭ جىڭۋېن: «خەلق ئېغىز ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» (خەنزۇچە)، شاڭخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى،1982- يىل نەشرى،183 - بەت.

⑥ماركس:« ‹سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى› گە مۇقەددىمە»،«ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»2-توم (خەنزۇچە)، خەلق نەشرىياتى،1973- يىل نەشرى،113- بەت.

پايدىلانمىلار :

1. ئابدۇكېرىم راخمان :« يىپەك يولىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1999- يىل7 - ئاي2 - باسمىسى.

3. ئۆمەرجان نۇرى :« ئۇيغۇرلاردىكى نۇردىن تۆرىلىشكە دائىر تۈنجى ئەپسانە » « شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى »،2002 - يىلى1 - سان.

4. ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا :« ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1993- يىل4 -ئاي1 - نەشرى


(ئاپتورى: خوتەن پىداگوگىكا تېخنىكومىدا)

◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇

## ئېغىرلىق

بىر خانىمنىڭ ئېغىرلىقى 120 كىلوگرامدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇر خانىغا بېرىپتۇ. دوختۇر :

_ئەڭ يېنىك ۋاقتىڭىزدا قانچە كىلو كېلەتتىڭىز ؟ _ دەپ سوراپتۇ. خانىم بىر دەم ئويلىنىپ :

_ ئۈچ يېرىم كىلو _ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قوش خۇشاللىق

ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىشتا دادىسى ئوغلىنى چوڭ ئۆيگە ئەكېلىدىكەن. بالىسى بۇ ئۆيدە قانغۇچە ئوينايدىكەن. بىر كۈنى نەۋرىسى كېتىدىغان چاغدا ھېرىپ چارچىغان مومىسى نەۋرىسىگە :

_نەۋرەم كەلسە ماڭا قوش خۇشاللىق بولىدۇ، - دەپتۇ. دادىسى ۋە ئوغلى بۇنى چۈشەنمەي :

_بۇ قوش خۇشاللىق دېگەن نېمە؟ - دەپ سوراپتىكەن، مومىسى :

_ سىلەر كەلسەڭلەر مەن خوش بولۇپ كېتىمەن، كېتىدىغان چېغىڭلاردا تېخىمۇ خۇشال بولىمەن، - دەپتۇ.

## كىم ئالدىدا كىم كەينىدە

تاماق ۋاقتىدابەش ياشلىق بالا دادىسىدىن :

_ نېمىشقا بالا دادىسىغا ئوخشايدۇ دەيدۇ، دادىسى بالىسىغا ئوخشايدۇ دېيىشكە بولمايدۇ ؟ -دەپ سوراپتۇ. دادىسى :

_ مەن سوراپ باقاي، ئالدىدا دادا بولامدۇ ياكى بالىمۇ؟ - دەپتۇ. بالىسى :

- ئەلۋەتتە ئالدىدا بالا بولىدۇ- دە، چۈنكى ئاپام مېنى تۇغقاندىن كېيىن سەن دادا بولدۇڭ ئەمەسمۇ!- دەپتۇ.

خۇرسەنئاي مەمتىمىن تەرجىمىسى

# يۇمۇرلار
## قانغۇچە كۈلۈشۈۋېلىڭ

### مۇرەسسەلىشىش

بىر ئۇۋچى بىر چوڭ ئېيىقنى قارىغا ئالماقچى بولغانىكەن، ئېيىق بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ:

— مېنى ئالدىراپ ئاتما، نېمە ھاجىتىڭ بولسا دېگىن، مەن بېرەي، — دەپتۇ.

ئۇۋچى مىلتىقىنى ئاستا يىغىشتۇرۇپ:

— ماڭا بىر خۇرۇم چاپان لازىم ئىدى، — دەپتۇ.

— بۇ تەس ئىش ئەمەس، كېلە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، —دەپتۇ ئېيىق ۋە ئۇستىدىكى ئېيىق تېرىسىنى ئېلىپ ئۇۋچىغا سۇنۇپ، — ھەر ئىككىلىمىز رازى بولدۇقمۇ، مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچمىدى، سەنمۇ خۇرۇم چاپان كىيدىڭ، — دەپتۇ.

### ئۇۋۇشماسلىق

دوستۇم ئىككىمىز قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۆرمەكچى بولدۇق. قۇياش ئاستا — ئاستا كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا دوستۇم ھاياجانلىنىپ كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالدى.

ئۇ ئالدىدىكى دەرەخنى كۆرسىتىپ:

— چاقاقان بول، مەن كۆردۇم، — دەپ ۋارقىرىدى ۋە يەنە كۆرسىتىپ:

— ھا، ھا، مەن كۆردۇم، كۆردۇم، — دەپ تېخىمۇ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا دەرەخنىڭ ئارقىسىدىن ئىشتىنىنى كۆتۈرگەن ھالدا بىر ئەر كىشى چىقتى ۋە ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا:

— كۆرسەڭ كۆرگەنسەن، نېمانچە كۈلىسەن؟ دەپ ۋارقىرىدى.

### ھەر كاللىدا ھەر خىيال

ئايالى:

— سىز بەك ئەخلاقسىز ئىكەنسىز، ھەر قېتىم چىرايلىق قىزلارنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۆزىڭىزنىڭ توي قىلىپ بولغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالىسىز!

ئېرى:

— خاتالاشتىڭ، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھەر قېتىم چىرايلىق قىزلارنى كۆرگىنىمدە ئۆزۈمنىڭ توي قىلىپ بولغانلىقىمدىن كۆڭلۈم بەك يېرىم بولىدۇ.

### بۆرە ۋە زىراپە

بىر بۆرە زىراپىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇنى يېمەكچى بوپتۇ. بۇ چاغدا زىراپە:

— مېنى يېيەلمەيسەن، — دەپتۇ. بۆرە ھەيران بولۇپ:

— نېمىشقا؟ —دەپ سوراپتۇ.

— چۈنكى مەن دۆلەتلىك ئىككىنچى - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان تۇرسام! —دەپتۇ زىراپە.

— ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋاننى دەپ بىرىنچى دەرىجىلىك ھايۋان ئاچ قالسا بولامدۇ؟ — دەپتۇ بۆرە.

### بالىنىڭ غېمى

ئوقۇش باشلاندى بىراق ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن بىر بالىنىڭ مەكتەپكە بارغۇسى كەلمەپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ:

— قانۇن بويىچە بالىلار 7 ياشتىن 15 ياشقىچە مەكتەپتە مەجبۇرىي ئوقۇيدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا مەن 15 ياشقا كىرگەندە سەن مېنى ئالغىلى كېلەمسەن؟ —دەپتۇ بالا تېخىمۇ يىغلامسىراپ.

### ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىڭ

بىر يىگىت ئىشخانىسىدىكى بىر چىرايلىق قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئاخىرى ئۇ قىزنى بىللە تاماق يېيىشكە ئۇنتۇنۇپتۇ. ئىككىسى تاماق يەپ ئايرىلىدىغان چاغدا يىگىت يانچۇقىدىن نەپىس بىر قۇتىنى چىقىرىپ ئېچىپتۇ. ئىچىدە ئىنتايىن چىرايلىق ئاق ئالتۇن ئۈزۈك بار ئىكەن.



— مەن بىلەن توي قىلسىڭىز، بۇ مېنىڭ سوۋغام،

ئۆزۈكنىڭ كەينىگە ئىسمىڭىز ئويۇلغان، - دەپتۇ يىگىت. قىز تېڭىرقاپ قاپتۇ ۋە:

- خاپا بولماڭ، مېنىڭ سۆيگەن يىگىتىم بار ئىدى، - دەپتۇ.

بۇ چاغدا يىگىت تورۇپ قاپتۇ ۋە ئالدىراپ:

- ئۇنداقتا يىگىتىڭىزنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرسىڭىز! - دەپتۇ.

- نېمە قىلماقچىسىز، يىگىتىم بىلەن دۇئېلغا چۈشمەكچىمۇ؟

- دەپتۇ قىز قورقۇپ.

- ياقەي، بۇ ئۆزۈكنى ئۇنىڭغا سېتىۋەتمەكچى ئىدىم، - دەپتۇ يىگىت.

**بىمەنە سوئال**

بىر كىشى بىر شەھەردە بىر كۇلۇبنىڭ دەرۋازىسىغا قارايدىكەن، كۈندە نەچچە مىڭ ئادەم دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، ھەممىسى ئۇنىڭدىن:

- سائەت نەچچە بولدى؟ - دەپ سورايدىكەن.

- نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بۇ كىشى ئۇلارنىڭ سوئالىدىن بەك زېرىكىپتۇ ۋە بازاردىن چوڭ سائەتتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، دەرۋازا ئۈستىگە ئېسىپ قويۇپتۇ. ئەمدىغۇ ھېچكىم سائەت قانچە بولدى دەپ سورىماس - دەپ ئويلاپ خۇشال بوپتۇ. بىراق شۇ كۈنى نۇرغۇن كىشىلەر دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ:

- بۇ سائەت توغرىمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.



**ئۆلۈش ئۇسۇلى**

پادىشاھ بىر جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپتۇ. جىنايەتچى ئازراق كەچۈرۈلۈك قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. پادىشاھ:

- سەن ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزدۇڭ، سەن ئۆلۈمگە لايىق. شۇنداقتىمۇ سەندىن سوراپ باقاي، سىنى قايسى ئۇسۇلدا ئۆلتۈرسەك بولىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ. جىنايەتچى:

- ئۇنداق بولسا مەن قېرىپ ئۆلەي! دەپتۇ.

**ھېسابلاش خاتا**

ئوغلى:

- دادا، سىنىڭ ھېسابلاش سەۋىيەڭ ئاپامنىڭكىگە يەتمەيدىكەن.

دادىسى:

- قانداق دەيسەن؟

ئوغلى:

- سەن كۈندە ئاپامغا ھېسابات ئۆتكۈزگەندە، ئاپام خاتا، ئېشىپ قالغان پۇل نەگە كەتتى؟ دەيدىغۇ؟

**تاللاش**

بىر يىگىت ئۆزىدىن نەچچە ياش چوڭ بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. ئائىلىلىرى ھەيران بولۇپ:

- نېمىشقا چوڭ خوتۇن ئېلىۋالدىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ.

يىگىت: - پۇل خەجلەپ ئالغاندىكىن چوڭىنى تاللىمامدىم! دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(داۋامى 76 -بەتتە)

خۇرسەنئاي مەتمىن تەرجىمىسى.

# ۋۇفېڭشياڭ فوتو - سۈرەتلىرىدىن تاللانما

## ئۈچ ئەۋلاد ئوۋچىلار











HERITAGE UYGHUR FOLKLITERATURE



ئوۋچى

ۋۇ فېڭشياڭ تارتقان

# مىراس

美拉斯

（维吾尔文）

MIRAS

2008 - يىل 1 - سان

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
国内统一刊号：CN65-1130/I
国际标准刊号：ISSN1004-3829
邮政代号：58-60
海外发行代号：1130MB
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：5.00 元
印刷：新疆生产建设兵团印刷厂
发行范围：国内外发行
发行：乌鲁木齐邮局

باشقۇرغۇچى : ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى : «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
مەملىكەتلىك نومۇرى : CN65-1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى : ISSN1004-3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 58-60
چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى : 1130MB
ئېلان ئىجازەت نومۇرى : 6500006000040
پوچتا نومۇرى : 830001
باھاسى : 5.00 يۈەن
باسقۇچى : شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى باسما زاۋۇتى
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

ئەسەر ئەۋەتىڭ ! مۇشتەرى بولۇڭ !

E-mail: mirasuyghur @126.com